نىزامىدىن توختى



# خوتەندىكى قەدىمكى ئىزلار

责任编辑：艾尼帕　阿布都拉
封面设计：艾克拜尔·沙力

胜利

ISBN 7-228-06835-1

9 787228 068357 >

ISBN 7-228-06835-1
K·973（民文）定价：6.00元

# كىرىش سۆز

خوتەن ناھايىتى مۇقەددەم قەدىمىي ماكان. مىلادىيەدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى خوتەندىكى ئەجدادلارنىڭ خۇاڭخې دەريا ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر بىلەن قاشتېشى سودا ئالاقىسىدە بولغانلىقىنى خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئىسپاتلايدۇ. قاشتېشى، يىپەك، گىلەمدىن ئىبارەت ئۈچ گۆھەرنى ئاساس قىلغان قول ھۈنەر ـ سەنئەت ئىجادىيىتى، ناھايىتى قەدىمدىلا خوتەننى دۇنياغا تونۇتقان بولۇپ، بۇ ھەقتە ھەرقايسى ئەللەردە ساقلانغان تارىخىي خاتىرىلەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى، زامانىمىزدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئىسپاتلىماقتا.

تارىخىي خاتىرىلەردە قەدىمكى خوتەن دىيارىنىڭ «ئەدەن» (گۆھەر زېمىن) دەپ ئاتىلىشىمۇ[1]، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىباھا گۆھەرلەرنى ياراتقانلىقىدىن بولسا كېرەك.

دۇنيا ئېتىراپ قىلغان نادىر ئەسەر «قۇتادغۇبىلىگ» داستانىنىڭ ئەڭ بېشىدىكى نەسرىي مۇقەددىمە (5 ـ بەت) سىدە: «. . . . بۇ بەك ئەزىز كىتابدۇر. (ئۇ) چىن ھېكمەتلىرىنىڭ ھېكمەتلىرى بىلەن بېزەلگەن، ماچىن ئالىملىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ياسانغاندۇركى، بۇ كىتابنى ئوقۇغان ۋە بۇ بېيىتلارنى (باشقىلارغا) بىلدۈرگەن (كىشى بۇ) كىتابتىنمۇ

① لىيۇ رىشاۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى»، 1987 ـ يىل نەشرى، 1 ـ قىسىم، 606 ـ بەت.



图书在版编目(CIP)数据

和田古代历史遗迹/尼扎木订·托呼提编著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2001.12
ISBN 7-228-06835-1
Ⅰ.和… Ⅱ.尼… Ⅲ.文物—考古—和田地区—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.K872.452

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2001）第 088133 号

和田古代历史遗迹（维吾尔文）
尼扎木订·托呼提编著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐华讯科技印务有限公司印制
850×1168 毫米　32 开本　印张 3.375
2002 年 1 月第 1 版　2002 年 1 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN7-228-06835-1/K·973　定价：6.00 元

ئەزىزراقدۇر . چىن - ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىلەركى ، مەشرىق ۋىلايىتىدە ، پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر پاشايدىغان يەرلەردە ، بۇغراخان تىلىدا تۈركىي سۆز بىلەن ( ھېچكىم ) بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق . . . » قاتارلىق بايانلار بار .

يۇقىرىقى باياندىكى « ماچىن ئالىملىرى » ، «ماچىن ھېكىملىرى » قەدىمكى خوتەندىكى ئەجدادلىرىمىز ، ئەلۋەتتە . شۇنىڭ ئۈچۈن ، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياشاپ ئۆتكەن تارىخىي ئىزلىرى ، قالدۇرۇپ كەتكەن تەۋەررۈكلىرى بىلەن تونۇشۇش كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش .

ۋىلايىتىمىز خوتەندە ، ھازىرغىچە بايقىلىپ ئەنگە ئېلىنغان تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى 135 بولۇپ ، بۇنىڭدىن مەملىكەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بىر ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىۋاتقىنى 10 ، ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىۋاتقىنى 24 . ئارخىپى تۇرغۇزۇلۇپ مەخسۇس قوغداش خادىملىرى قويۇلۇپ مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقىنى 41 ، قالغان 94 ئورۇنىمۇ مۇھاپىزەت تەدبىرلىرى ئىچىدە ئاسرالماقتا .

خوتەن رايونىدىكى 7 ناھىيە بىر شەھەر دائىرىسىگە جايلاشقان تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى :

نىيە ناھىيىسىنىڭ ئەندىر دەرياسى ۋادىسى ، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ دەريا بويى رايونى ، چىرا ناھىيىسىنىڭ دامىكۆنىڭ شىمالى ۋە چاقار تاغلىق رايونى ، لوپ ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قۇملۇقى ۋە سامپۇلا - ناۋا رايونى ، خوتەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قۇملۇقى ۋە جەنۇبىي تاغلىق رايونلىرى ، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قۇملۇق بىلەن قاراقاش ، گۇما ئارىلىقىدىكى پىيالما چۆللۈكى ، گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ ، كەڭقىر ، قوشتاغ تاغلىق رايونلىرى بىلەن شەرقىي شىمالىي قۇملۇق رايونى قاتار-



لىق جايلارغا نىسبەتەن مەركەزلىك جايلاشقان . ئۇلار ئاساسەن : قەدىمكى شەھەر خارابىسى ، قەدىمكى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرى ، قەدىمكى قورغان ، قەدىمكى قەلئە - سېپىللار ، ھەربىي قاراۋۇلخانا ، قەدىمكى قەبرىستانلىق ، قەدىمكى بۇددا دىنى ئىبادەتخانا خارابىسى ، ئىپتىدائىي قىيا تاش سۈرەت (ياكى پېزىق ) لىرى ، قەدىمكى غار - ئۆڭكۈرلەر ، قەدىمكى كان ئىزلىرى ، قەدىمكى ئىسلام بىناكارلىق ئىمارەتلىرى ، ئۆسۈۋاتقىنىغا 100 يىلدىن مىڭ يىلغىچە بولغان توغراق ، چىنار ، ياڭاق ، ئەنجۈر ، ئۈزۈم تېلى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

خوتەن رايونىدا قوغداپ مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابە - ئىزلارنىڭ كۆپ قىسمى خوتەن رايونىنىڭ شىمالىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدە ، بىر قىسمى كوئېنلۇن تاغ باغرى ۋە تاغ تىزمىلىرى ئىچىدە ، ئاز قىسمى بۈگۈنكى بوستانلىق ۋە بوستانلىقنىڭ چەت ياقىلىرىغا جايلاشقان . تۆۋەندە خوتەن رايونىدىكى قەدىمكى تارىخىي ئىزلاردىن دەسلەپكى قەدەمدە تەھۋالى بىرقەدەر ئايان بولغانلىرىدىن بىرنەچچىسى تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە ، ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك قىسمەن ماقالىلەرنىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە قىستۇردۇق . مۇنىڭدىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشى ، تارىخ ، ئارخېئولوگىيە ئىلمىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان پېشقەدەم ئۇستازلار ۋە كەسپداشلارنىڭ تىرىشچانلىقىدا مۇكەممەللىشىدىغانلىقى ئېنىق .

# قەدىمكى خوتەن بوستانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

بىزگىچە يېتىپ كەلگەن تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، خوتەننىڭ تارىختىكى ناملىرى — كخوتەن، قۇستانە، ئۇتانە، لىيال، قۇردان، كۇدتان، سىرس ئىلى (يىپەك ئىلى)، ئۇۋتان، توققۇزخاقان، ئۇدۇن، ئەدەن (ئەردەن)، ملچىن، چىن ماچىن، يۇتيەن، ئىلچى قاتارلىقلار خوتەننىڭ قەدىمدىن يېقىنقى دەۋرگىچە بولغان نام - ئاتالغۇلىرى بولۇپ، بۇ نام ئاتالغۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى (قوللىنىلىشى) نى تۆۋەندىكى سەۋەبلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. قەدىمدە بۇ ماكاندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياشىغان جايلىرى (يېزا - كەنتلەر، بازارلار، ئاۋات شەھەرلەر) قۇم - بوران ئاستىدا قېلىپ، ئاھالىلەر يېڭى ماكانغا كۆچۈپ بارغاندا، شەھەر - بازارلارنىڭ يېڭىدىن بەرپا قىلىنىشى بىلەن نامىمۇ يېڭىدىن ئاتالغان.

2. تارىختا بولۇپ ئۆتكەن رەھىمسىز ئۇرۇشلار تۈپەيلى، يۇرت - ماكان، ئاۋات شەھەرلەر ۋەيران بولۇپ خارابىگە ئايلانغان، بولۇپمۇ خانلىقنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرى ئوت قويۇش، سۇغا باستۇرۇش نەتىجىسىدە يوق قىلىۋېتىلگەن. نەتىجىدە مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ باشقا ئورۇنغا يېڭىدىن بەرپا قىلىنىشى بىلەن نامىمۇ ئۆزگەرگەن.

3. قەدىمدە مۇشۇ ماكاندا ياشىغان قەبىلە، مىللەتلەر بۇ

ماكاننى ھەرقايسى ئۆز تىل تەلەپپۇزى بويىچە ئاتىغاچقا، نامىمۇ ھەر خىل ئاتالغان.

4. قەدىمدىن يېقىنقى زامانغىچە، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر خوتەننى ئۆز تىلى، ئۆز ئادىتى بويىچە ھەر خىل ئاتىغان (خەلقئارادا ھازىرمۇ مۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت)، شۇڭا ئۇنىڭ نامىمۇ كۆپ خىل بولغان.

شىنجاڭ دائىرىسىدىن تېپىلغان تاشقا ئايلانغان ئاتۇش ئادىمىنىڭ باش سۆڭىكى، تىيانشان، قۇرۇم، كوئېنلۇن، ئالتۇن تاغلىرى ئارىسىدىن ئۈزلۈكسىز ئۇچرىتىلغان قىيا تاش سۈرەت (ياكى ئىپتىدائىي يېزىق) لىرى، قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تاغ ئارىسىدىكى ئىپتىدائىي ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ ئىز - نىشانلىرى، يۇقىرىقى تاغلارنىڭ ئارىسى ۋە تاغ باغرىلىرىدىن بايقالغان قەدىمكى قەبرە - مازار (خوتەن بوستانلىقىنى ئوراپ تۇرغان قۇرۇم تاغلىرى باغرىدا مۇنداق قەدىمكى قەبرە - مازارلار ھەممىلا جايدا دېگۈدەك بايقالدى) لىرى ۋە بىر قاتار ئەمەلىي پاكىتلار قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ۋە جاي - ماكانلىرىغا ئىسپات بولۇپ تۇرماقتا.

تارىختىن مەلۇمكى، ئەڭ بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ ياشاش قانۇنىيىتى - تاغ باغرى، تاغ جىلغىلىرى ۋە ئورمانلاردا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن ئۆزلىرىنى قامداش ئىدى. قەدىمكى خوتەنلىكلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە تاغ باغرى ۋە جىلغىلارنى ماكان تۇتۇپ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. مىلادىيەدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە كەلگەندە، ئۇلار بارا - بارا كۆپىيىپ، تاغ ئارىسىدىن چىقىپ سۇنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى بويىچە، شىمال تەرەپتىكى تۈزلەڭ رايونلارغا تارىلىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ماكاندا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئۆز ئارا سى-



ڭىشىپ بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن ھەمدە بۇ يۇرت - ماكاننى گۈللەندۈرۈپ ئاۋات شەھەر، يېزا - بازارلارنى بەرپا قىلغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى II ئەسىرلەرگە كەلگەندە، ئاللىقاچان مۇستەھكەم خانلىق قۇرۇلۇپ بولغان. خوتەن دىيارىدا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەر مىڭ يىللاپ ئەۋلادمۇئەۋلاد تەر ئاققۇزۇش بەدىلىگە، ئەينى چاغدىكى بىرقەدەر تۈزلەڭ زېمىن (بۈگۈنكى خوتەن رايونىنىڭ شىمالدىكى بىپايان قۇملۇق) دا مۇنبەت دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى، بۈك - باراقسان باغۇ بوستانلار، ئاۋات شەھەر - بازارلار، راۋان يوللارنى بەرپا قىلغان. بۈگۈنكى كۈندە خوتەن رايونىنىڭ شىمالدىكى بىپايان قۇملۇقتا بايقالغان قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئىز - نىشانلىرى، ئېرىق - ئۆستەڭ ئېقىن ئىزلىرىنىڭ يۇلتۇزلاردەك تارالغانلىقى بۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

قەدىمكى خوتەن زېمىنى ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتىگە ئاساسەن تەڭ (بەلكى ھازىرقىدىن چوڭراق) بولسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغدا كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان بوستانلىق ھازىرقىدىن كۆپ كەڭ ئىدى. بۈگۈنكى خوتەن شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا كۆزىتىدىغان بولساق، خوتەننىڭ قۇرۇم تاغلىرى بىلەن ئورالغان جەنۇب، غەرب، تەرەپلىرىنىڭ دائىرىسى ھازىرقى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن خوتەن شەھىرىنىڭ شىمالىدىن 180 كىلومېتىر كېلىدىغان مازار تاغقىچە، شەرقىدىن نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا 130 كىلومېتىر كېلىدىغان قەدىمىي نىيە خارابىسىغىچە بولغان شۇنچە كەڭ زېمىن (بۈگۈنكى كۈندە، بۇ بىپايان زېمىننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى قۇم بېسىپ كەتكەن) ئەينى چاغدا كىشىلەر ياشىغان بوستانلىق ئىدى. ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى 30 غا يېقىن چوڭ - كىچىك دەريانىڭ سۈيى، ئەينى زاماندا بۇ كەڭ زېمىننى قاندۇرۇپ، ئاخىر تارىم دەرياسىغا، ئاندىن تارىم دەرياسى ئارقىلىق لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇ-

لاتتى . هازىرقى كۈندە ، پەقەت يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قارا-
قاش دەرياسىنىڭ ئاز بىر قىسىم سۈيى ياز پەسلىدىكى كەلكۈن
مەزگىلىدىلا تارىم دەرياسىغا قۇيۇلالايدۇ . قالغان دەريا - ئېقىن-
لارنىڭ سۈيى ئەينى زاماندىكى بوستانلىق (هازىرقى قۇملۇق )
نىڭ ئوتتۇرا قىسمىغىمۇ بارالماي قۇمغا سىڭىپ تۈگەيدۇ . ئەج-
دادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىل ياشىغان شۇنچە كەڭ بوستانلىق
نېمىشقا قۇملۇق ، چۆللۈككە ئايلىنىپ كەتتى ؟ ئەينى چاغدىكى
شۇنچە كەڭ بوستانلىقتا ياشىغان كىشىلەر نەگە كەتتى ؟ بۇ
سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ، تۆۋەندىكى بىرقانچە ئەمەلىي
مەسىلىلەر ۋە تارىخىي پاكىتلار توغرىسىدا توختىلىشقا توغرا
كېلىدۇ :

1 . خوتەن رايونىنىڭ تەبىئەت ئاتا قىلغان ئەسلى يەر تۈزۈ-
لۈشى بىرقەدەر ئالاھىدە ، يەنى جەنۇبىي قۇرۇم تاغلىرى تەرىپى
ئېگىز ، شىمالىي تەرىپى پەسرەك بولۇپ ، جەنۇبتىن شىمالغا
قاراپ پەسلەپ بارىدۇ . جەنۇبتىكى قۇرۇم تاغلىرىدىن باشلانغان
دەريا - ئېقىنلار قۇم ، تاش ، لاي - لاتقىلارنى ئۈزلۈكسىز
ئېقىتىپ ئۇرغاچقا ، دەريا - ئېقىنلار ئاسانلا تىنىپ قېلىپ ،
ئەسلىدىكى ئېقىن يولى ئۆزگىرىپ كەتكەن ، شۇنىڭ بىلەن سۇ-
غىرىلىۋاتقان كەڭ يۇرت - ماكان سۇسىز قېلىپ ، ئاھالىلەر
كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان .

2 . رەھىمسىز ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن سۇ ئىن-
شائاتلىرى قۇرۇلۇشى ئۇزۇن مۇددەت تاشلىنىپ قېلىپ ، ئې-
رىق- ئۆستەڭلەر تىنىپ كەتكەن ، تېرىلغۇ يەرلەر قۇرۇپ كەت-
كەن ، يۇرت - ماكاننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىغان
ئەھۋالدا ، كىشىلەر باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر
بولغان .

3 . تەبىئەتنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا ئاتا قىلغان قۇم - شې-
غىللىرى شامال - بورانىنىڭ قوترىشى بىلەن شىمالدىن جەنۇبقا



قاراپ توختىماي ئىلگىرىلەپ ، مىلادىيە Ⅲ ئەسىرلەردە بۇ كەڭ
مۇنبەت بوستانلىقلارنى كەينى - كەينىدىن يۇتۇپ كېتىپ قۇم
دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇنبەت بوستا-
نلىقلاردا ياشىغان خەلقلەر ئەسلىدىكى يۇرت - ماكانلىرىدىن
ئۈزۈل - كېسىل ئايرىلىپ ، سۇ مەنبەسىنى قوغلىشىپ ، بارا-
بارا جەنۇبقا قاراپ كۆچكەن ۋە قايتىدىن ماكانلىشىپ هاياتلىق
پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان . بىز خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يەر شەك-
لى خەرىتىسىگە قارايدىغان بولساق ، هازىرقى خوتەن رايونىدا
ياشاۋاتقان ئادەملەر (ئەينى زاماندىكى كىشىلەردىن نەچچە ئون
ھەسسە كۆپ ) نىڭ جەنۇبتىكى قۇرۇم تاغلىرىنىڭ باغرىغا قاپسى-
لىپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز .

قىزىق يېرى شۇكى ، خوتەن خەلقىنىڭ تارىختا ئولتۇراقلى-
شىپ ياشىغان جايلىرىدا تەكرارلىنىش بولغاندەك قىلىدۇ ، يەنى
ئۇلار دەسلەپتە جەنۇبىي قۇرۇم تېغى باغرى ۋە جىلغىلىرىدىن
چىقىپ شىمالغا سۈرۈلۈپ كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىكتە ياشىغان ،
ئاندىن يەنە شىمالدىن جەنۇبقا سۈرۈلۈپ قۇرۇم تاغ باغرى ۋە
ئېتەكلىرىدە ياشىغان . ئەمما ، پەرق شۇكى ، جەنۇبىي قۇرۇم تاغ
جىلغىلىرىدا ياشىغان بۇرۇنقى ئۇدۇنلۇقلار مىلادىيەدىن 10 نەچ-
چە مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان ئىپتىدائىي تۇرمۇشتىكى ئادەم-
لەر بولسا ، كېيىنكىسى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى مۇكەممەل
ئىگىلىگەن خېلى يۇقىرى مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە ، خانلىق
قۇرۇپ ، سودا - ئالاقە ۋە باشقا بىر قاتار ئىلغار هۈنەر بىلىملى-
رى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان ئادەملەر توپى ئىدى . بۈگۈنكى
كۈندە ياشاۋاتقانلار بولسا تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ ، بۇرۇنقى زاما-
نلاردىكى كىشىلەردىن نەچچە ھەسسە مەدەنىيەتلىك ، غايەت زور
ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشكەن زامانىۋى پەن - تېخنىكا دۇنياسىدا
ياشىماقتا . شۇنداقتىمۇ ، خوتەننىڭ يەر تۈزۈلۈشى ۋە تۇپراق
قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا ، ھېلىھەم قۇم - بورانىنىڭ خىرىسى

ھەر ۋاقىت مەۋجۇت. شۇڭا، قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىنكى 40 نەچچە يىل مابەينىدە، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە - شەھەرلىرىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يەرلەر قۇملىشىپ كەتتى. مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، چىرا، گۇما، نىيە ناھىيىلىرىدە قۇمنىڭ يەرلەرنى يۇتۇپ كېتىشى بىرقەدەر ئېغىر بولۇپ، بەزى جايلاردا قۇم 10 نەچچە كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرگەن. تارىخىي ساۋاقلار، جۈملىدىن ئازادلىقتىن كېيىنكى قۇم - بوراننى تىزگىنلەش تەجرىبە - ساۋاقلىرىمىز ئىسپاتلىدىكى، يۇرت - ماكانىمىزنى قوغداپ قالىمىز دەيدىكەنمىز، تەبىئەت قانۇنىغا ھۆرمەت قىلىپ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشىمىز، تەبىئىي ئورمانلارنى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشىمىز ھەمدە يېڭىدىن ئورمان بىنا قىلىشنى، چاتقال ئورمانلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كىشىلەرنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش قاتارىدا چىڭ تۇتۇشىمىز، قۇم - بوران ئېغىزلىرىغا قاتمۇقات يېشىل توسۇقلارنى قۇرۇشىمىز لازىم. يېزا- كەنتلەرنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشىمىز، شەھەر - بازارلارنى يېشىللىققا پۈركىشىمىز لازىم. بۇ جەھەتتە يەنىلا بۇرۇنقىلاردىن ئۈلگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى پىشامشان بەگلىكى (مىلادىيە 220 - 420 - يىللار) خارابىسىدىن تېپىلغان 482 - نومۇرلۇق قاروشتى يېزىقىدىكى تارىخىي ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ھەرقانداق كىشى دەرەختنى يىلتىزى بىلەن كەسسە، بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ، ئۇ دەرەخ شېخىنى كەسسە بىر دانە سىيىر جەرىمانە قويۇلىدۇ» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنال، 1988 - يىلى، ئومۇمىي 62 - سان، 22 - بەت).

دېمەك، بۇ تارىخىي ھۆججەتنى مىلادىيە 420 - يىللاردىكى



ئورمان قانۇنى ياكى مۇھىت ئاسراش قانۇنى دېيىشكە بولىدۇ. خەلقىمىزدە ئىلگىرى بار بولغان ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئاڭ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا سىڭدۈرۈلۈپ كېلىنىۋاتقان «ياش نوتا كۆچەتنى كەسسە ياكى ئۈشتىشىۋەتسە، شۇ ئادەم ياش ئۆلۈپ قالىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە خەلق تەمسىلىنى پاساھەتلىك ئىلمىي يەكۈن دېيىشكە بولىدۇ.

# قەدىمكى ئۇدۇن پايتەختى يوتقان قەدىمكى شەھەر خارابىسى

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنى-
يەت يادىكارلىق ئورنى — يوتقان قەدىمىي شەھەر خارابىسى
خوتەن شەھىرىگە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان باغچە بازىرىنىڭ
ئەللامە كەنتىدە بولۇپ، ھازىرقى ھالىتى غەربتىن شەرققە بىر
كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 600 مېتىر ئەتراپىدىكى چوڭ-
قۇر پارداڭ سازلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خارابە ئورنى ئۆز
ئەتراپىدىكى ئەسلى يەر يۈزىدىن 4 ـ 5 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا
بولغانلىقى ئۈچۈن، سۇ سىزىپ تۇرىدىغان، شال تېرىشقا لايىق
سازلىققا ئايلىنىپ قالغان.

خارابىنىڭ ئېقىن ئاققان جايلىرىدا ھېلىھەم ساپال پارچە-
لىرى، سۆڭەك، قاشتېشى، مېتال بۇيۇم پارچىلىرى، ئاشكار-
لىنىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ، ساپالدىن ياسالغان ئادەم، ئات، تۆ-
گە، مايمۇن، ئىت، قوي، قۇش، قاتارلىقلارنىڭ ھەيكەللىرى
بىلەن ھەر خىل ساپال بۇيۇم پارچىلىرى كۆپلەپ ئۇچرايدۇ.
بۇ خىل بۇيۇملار ئاساسەن قەدىمكى ئۇدۇندا بۇددا دىنى ھۆكۈم
سۈرگەن مەزگىلگە تەئەللۇق بولۇپ، بۇيۇملارنىڭ ياسىلىشى
سىپتا ۋە كۆركەم. بايقالغان ساپال بۇيۇملار ئىچىدە، قەدىمكى
خوتەن ئادىمىنىڭ باش يۈزى ھەيكىلى بىلەن بەرباپ قاتارلىق ھەر
خىل سازلارنى چېلىۋاتقان سازچىلار سۈرىتى، كۆپتۈرمە قىلىپ
چۈشۈرۈلگەن ساپال بۇيۇم پارچىلىرى قاتارلىقلار قەدىمكى خو-
تەن ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ.



1958 ـ يىلى بۇ خارابىنىڭ شەرقىدىكى بىر بۇلاقتىن
ئالتۇندا ياسالغان بىر دانە كىچىك ئۆردەك ھەيكىلى تېپىلغان
بولۇپ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

تارىخىي مەنبەلەر ۋە يوتقان قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن
ئۇچرىتىلغان قىممەتلىك تەۋەررۈك بۇيۇملاردىن باشقا دۆلىتى-
مىزدىكى بىر قاتار خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغان-
دىمۇ، قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پايتەختىنى بۈگۈنكى يوتقان
قەدىمىي شەھەر خارابىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. «جۇنامە. يات
ئەللەر تەزكىرىسى» دە: «ئۇدۇن شەھىرىنىڭ شەرقىگە 20
چاقىرىم كېلىدىغان جايدا چوڭ دەريا بولۇپ، شىمالغا قاراپ
ئاقىدۇ. ئۇنىڭ نامى شاخ دەرياسى ( 树 枝 河 )، يەنى سېرىق
دەريادۇر. شەھەرنىڭ غەربىگە 15 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىمۇ
چوڭ ئېقىن بولۇپ، ئۇ «دەريا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇمۇ شاخ
دەرياسىغا ئوخشاش شىمالغا قاراپ ئېقىپ جى شۇ ( 计 戍 )
دەرياسىغا قوشۇلىدۇ...» ① دېيىلگەن. ناھايىتى ئېنىقكى،
ھازىر ھەم يوتقان قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ شەرقىگە 10
كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا يۇرۇڭقاش دەرياسى، غەربىگە 7
كىلومېتىرچە كېلىدىغان ئورۇندا قاراقاش دەرياسى بولۇپ، تا-
رىخىي خاتىرىدە كۆرسىتىلگەن ئورۇن، تەرەپ، ئارىلىق قاتار-
لىقلار ھازىرقى ئەھۋالغا تامامەن ماس كېلىدۇ. يەنە كېلىپ
تارىخىي خاتىرىدە ئۇدۇن شەھىرىنىڭ غەربىدىكى دەريانى «ئې-
قىن» دەپ ئاتىشى ھازىرقى قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇرۇڭقاش
دەرياسىغا نىسبەتەن خېلىلا كىچىك، سۇ مىقدارىنىڭمۇ ئاز ئې-
قىلىكىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ھازىرمۇ بۇ
ئىككى دەريا شىمالغا قاراپ ئېقىپ، خوتەن شەھىرىنىڭ شىمال-
دىن 130 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «قوشلاش» دېگەن جايدا
قوشۇلۇپ، خوتەن دەرياسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاخىرى تارىم
دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. «جۇنامە. يات ئەللەر تەزكىرىسى» دە

ئېيتىلغان ، «بى شۈ» دەرياسى ھازىرقى تارىم دەرياسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق .

قەدىمكى ئۇدۇن خەلقى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرنىڭ خېلىلا ئالدىدا بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ ، بۇددا دىنى ئۇدۇن دۆلىتىدە تازا روناق تاپقان ، ئۇدۇن بۇددا دىنىنىڭ غەربىي رايوندىكى ئاستانىسىگە ئايلانغان ، شۇنداقلا دۆلىتىمىز جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى ، چاۋشيەن ، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگىمۇ بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىدا ئۇدۇن ، كۇسەن (كۇچا) بۇددىستلىرى مۇھىم رول ئوينىغان .

تەخمىنەن مىلادىيە 970 ـ يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋەرەئۇننەھىر ، قەشقەر ئىسلام ئېچىش قوشۇنلىرى (قاراخانىيلار ياكى خاقانىيە قوشۇنلىرى) بىلەن بۇددىست ئۇدۇن خانلىقى قوشۇنلىرى ئوتتورىسىدا خوتەننى بويسۇندۇرۇش ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئۇرۇش 20 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان . بۇ ئارىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ۋە يېنىۋېلىشلار بولغان . بۇ ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ زور بەدەللەرنى تۆلىگەن . ئەڭ ئاخىرىدا ئۇدۇن پايتەختىنى ئېلىش ئۈچۈن بولغان بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئۇدۇن خانلىقى تەرەپتىن 560 كىشى ، ئىسلام قوشۇنى تەرەپتىن 220 كىشى نابۇت بولغان ، ئاخىر ئۇدۇن خانى خالخال ماچىن ئىلاجىسىز قالغان ئەھۋال ئاستىدا ئىسلام قوشۇنىغا تەسلىم بولۇپ ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ② . گەرچە ھەربىي ھوقۇقنى ئىگىلەپ تۇرغان چوقتى رەشت ، نوكتى رەشتلەر باشچىلىقىدا زور بىر تۈركۈم ھەربىي كۈچ كېچىسى يوشۇرۇن قېچىپ چىقىپ ، بىر مەزگىل باشقا جايلاردا كەسكىن ئېلىشقان بولسىمۇ ، ئاخىر ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولغان .

ئۇدۇن پايتەختى ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن كۈنى چوقتى رەشت ، نوكتى رەشت باشچىلىقىدا قېچىپ كەتكەنلەر-



نىڭ سانى 12 مىڭ كىشى ئەتراپىدا ئىكەنلىكى ، پادىشاھ خالخال ماچىن باشچىلىقىدا شەھەردە قالغان كىشىلەرنىڭ ھەم 12 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى مۆلچەرلىنىدۇ ③ . بۇنىڭدىن ، مىلادىيە XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇدۇن خانلىقىنىڭ پايتەخت شەھىرىدە ئىسلام قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرغان ھەربىي كۈچ ۋە پۇقرا بولۇپ ، 24 مىڭ ئۆپچۆرىسىدە كىشى بارلىقىنى قىياس قىلالايمىز .

خوتەن دىياردا ئەجدادلىرىمىز يېزىپ قالدۇرغان ، قەدىمدىن تاھازىرغىچە ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ساقلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ چاغاتاي يېزىقىدىكى كلاسسىك يازما ئەسىرى «تۆت ئىمام زەبىھۇللا تەزكىرىسى» دە «پادىشاھ خالخال ماچىن ، نەچچەندى بەگ ـ ئۇمەرالىرىنىڭ گۇناھىنى تىلەپ خىجالەت بىلەن ئېيتتىلەركى ، ئېھ : پادىشاھلىرىم ، ئۇجات دەپ تاغنىڭ ئېتىكىدە بىر پارە كەنتى بار ، ئۇل خەلق تىلىدا مۇسۇلمان بولۇپ ، دىلىدا جاسۇسلۇق قىلىپ ، سىزلەردىن قاچقانلارغا نامە ـ خەت ئېبەرىپتۇرمىش ، دەپ ئىماملارغا مەلۇم قىلدى . . . » ④ دېيىلگەن . ئۇنىڭدا نامى تىلغا ئېلىنغان «ئۇجات» كەنتى ھازىرمۇ «ئۇجات كەنتى» دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇجات — قاراقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى تاغ ئېتىكىدە بولۇپ ، يوتقان قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ ، ئارىلىقى خېلى يېقىن .

دېمەك ، يۇقىرىدىكى بىر قاتار بايانلار يوتقان قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنى مىلادىيە X ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان 40 يىللىق ئۇرۇشنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇدۇن خانلىقىنىڭ پايتەختى ئىدى ، دەپ ھېسابلاشتىكى ئاساسلىرىمىزنى يەنىمۇ تولۇقلايدۇ .

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە مىرزا ئابابەكرى (تەخمىنەن مىلادىيە 1464 ـ 1511 ـ يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن) كونا شەھەرلەرنى قېزىپ ئۇرغۇن دۇنيا تاپقان . يالغۇز يوتقان قەدى-

ئېيتىلغان ، «جى شۇ» دەرياسى ھازىرقى تارىم دەرياسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق .

قەدىمكى ئۇدۇن خەلقى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرنىڭ خېلىلا ئالدىدا بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ ، بۇددا دىنى ئۇدۇن دۆلىتىدە تازا روناق تاپقان ، ئۇدۇن بۇددا دىنىنىڭ غەربىي رايوندىكى ئاستانىسىگە ئايلانغان ، شۇنداقلا دۆلىتىمىز جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى ، چاۋشيەن ، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگىمۇ بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىدا ئۇدۇن ، كۈسەن (كۇچا) بۇددىستلىرى مۇھىم رول ئوينىغان .

تەخمىنەن مىلادىيە 970 - يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋەرائۇننەھىر ، قەشقەر ئىسلام ئېچىش قوشۇنلىرى (قاراخانىيلار ياكى خاقانىيە قوشۇنلىرى) بىلەن بۇددىست ئۇدۇن خانلىقى قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا خوتەننى بويسۇندۇرۇش ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئۇرۇش 20 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان . بۇ ئارىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ۋە يېنىۋېلىشلار بولغان . بۇ ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ زور بەدەللەرنى تۆلىگەن . ئەڭ ئاخىرىدا ئۇدۇن پايتەختىنى ئېلىش ئۈچۈن بولغان بىر قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئۇدۇن خانلىقى تەرەپتىن 560 كىشى ، ئىسلام قوشۇنى تەرەپتىن 220 كىشى نابۇت بولغان ، ئاخىر ئۇدۇن خانى خالخال ماچىن ئىلاجسىز قالغان ئەھۋال ئاستىدا ئىسلام قوشۇنىغا تەسلىم بولۇپ ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ② . گەرچە ھەربىي ھوقۇقنى ئىگىلەپ تۇرغان چوقتى رەشت ، نوكتى رەشتلەر باشچىلىقىدا زور بىر تۈركۈم ھەربىي كۈچ كېچىسى يوشۇرۇن قېچىپ چىقىپ ، بىر مەزگىل باشقا جايلاردا كەسكىن ئېلىشقان بولسىمۇ ، ئاخىر ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولغان .

ئۇدۇن پايتەختى ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن كۈنى چوقتى رەشت ، نوكتى رەشت باشچىلىقىدا قېچىپ كەتكەنلەر-



نىڭ سانى 12 مىڭ كىشى ئەتراپىدا ئىكەنلىكى ، پادىشاھ خالخال ماچىن باشچىلىقىدا شەھەردە قالغان كىشىلەرنىڭ ھەم 12 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى مۆلچەرلىنىدۇ ③ . بۇنىڭدىن ، مىلادىيە XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇدۇن خانلىقىنىڭ پايتەخت شەھىرىدە ئىسلام قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرغان ھەربىي كۈچ ۋە پۇقرا بولۇپ ، 24 مىڭ ئۆپچۆرىسىدە كىشى بارلىقىنى قىياس قىلالايمىز .

خوتەن دىياردا ئەجدادلىرىمىز يېزىپ قالدۇرغان ، قەدىمدىن تاھازىرغىچە ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ساقلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ چاغاتاي يېزىقىدىكى كلاسسىك يازما ئەسىرى «تۆت ئىمام زەبىھۇللا تەزكىرىسى» دە «پادىشاھ خالخال ماچىن ، نەچچەندى بەگ - ئۆمەرالىرىنىڭ گۇناھىنى تىلەپ خىجالەت بىلەن ئېيتتىلەركى ، ئېيە : پادىشاھلىرىم ، ئۇجات دەپ تاغنىڭ ئېتىكىدە بىر بارە كەنتى بار ، ئۇل خەلق تىلىدا مۇسۇلمان بولۇپ ، دىلىدا جاسۇسلۇق قىلىپ ، سىزلەردىن قاچقانلارغا نامە - خەت ئېبەرىپتۇرمىش ، دەپ ئىماملارغا مەلۇم قىلدى ...» ④ دېيىلگەن . ئۇنىڭدا نامى تىلغا ئېلىنغان «ئۇجات» كەنتى ھازىرمۇ «ئۇجات كەنتى» دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇجات — قاراقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى تاغ ئېتىكىدە بولۇپ ، يوتقان قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ ، ئارىلىقى خېلى يېقىن .

دېمەك ، يۇقىرىدىكى بىر قاتار بايانلار يوتقان قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنى مىلادىيە X ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان 40 يىللىق ئۇرۇشنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇدۇن خانلىقىنىڭ پايتەختى ئىدى ، دەپ ھېسابلاشتىكى ئاساسلىرىمىزنى يەنىمۇ تولۇقلايدۇ .

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە مىرزا ئابابەكرى (تەخمىنەن مىلادىيە 1464 - 1511 - يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن) كونا شەھەرلەرنى قېزىپ نۇرغۇن دۇنيا تاپقان . يالغۇز يوتقان قەدى-

سي شەھىرى خارابىسىدىن 27 چولاق كوزىغا قاچىلانغان 27 ئاپتۇۋا چۆگۈندىكى كىيەك ئالتۇنى تېپىلغان. ئاپتۇۋا چۆگۈندىلەرنىڭ تېشىغا «بالىش» دېگەن خەت يېزىلغان. بىر ئاپتۇۋا ئىچىدىن چىققان بىر پارچە خەتتە «خۇمارخاتۇن ئوغلىنىڭ خەتنە تويىغا ئەتكەن ئەسۋاب» دەپ يېزىلغان⑤.

زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش» ناملىق كىتابىدا «موڭغۇللار زامانىسىدا 2274 گرام ئېغىرلىقتا بولغان ۋە تۈركىي تىلىدا «ياستۇق»، پارس تىلىدا «بالىش» دېيىلگەن ئالتۇن ۋە كۈمۈش نۇكچىلەر ئىشلىتىلگەنىدى. بۇلار قەدىمكى كۆك تۈرك، توققۇز ئوغۇز، ئۇيغۇر ۋە قاراخانىيلار زامانىسىدا ئىشلىتىلگەن بىر پۇل سىستېمىسىنىڭ داۋامىنى كۆرسىتىدىغان قالدۇقلار ئىدى...»⑥ دېيىلگەن.

1866 - يىلى خوتەننىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانى نىياز ھېكىمبەگ يوتقان قەدىمكى شەھەر خارابىسى ئورنىغا ئۈچ يىلغىچە ھاشار سېلىپ، سۇ باشلاپ، لاي ئېقىتىپ، ئالتۇن - بايلىق تېپىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ قەدىمكى شەھەر ئورنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر سازلىق ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويغان.

1933 - يىلى خوتەندە قۇرۇلغان ئاتالمىش ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ يوتقان قەدىمىي شەھىرى خارابىسى ئورنىغا ھاشار سېلىپ، كەلكۈن سۈيىنى باشلاپ خەزىنە تېپىش بىلەن شۇغۇللانغان. مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، يوتقان قەدىمكى شەھىرى يىراق تارىختىكى ئۇرۇشلار ۋە بىرنەچچە قېتىملىق بۇزغۇنچىلىقلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكى ھالىتى ئاشۇنداق سازلىققا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھازىرمۇ ھەم بىر - ئىككى مېتىر توپا قاتلىمىدا خوتەننىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى II، IV ئەسىرلەردىن مىلادىيە XI، XII ئەسىرلەرگىچە بولغان دەۋرلەردىكى مەدەنىيەتكە دائىر مول تەۋەررۇكلىرى ساقلانماقتا.



1901 - يىلى خوتەنگە كەلگەن ستەيىنمۇ يوتقان قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، «بۇ يەردىن خەنزۇچە، قارۇشتىچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن ھەرقايسى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر دەۋرىدە خەجلەنگەن داچەن پۇللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرىدى....» دەپ خاتىرە قالدۇرغان.

نۆۋەتتە ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، ياخشى باشقۇرۇش قائىدىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يوتقان قەدىمكى شەھىرى خارابىسى ئەستايىل مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ھازىرقىدەك ياردالڭ، سۇ سىزىپ ئېقىش ھاسىل بولۇپ تۇرىدىغان بۇ جايدا توپا قاتلىمىنىڭ داۋاملىق بۇزۇلۇپ تۇرۇشى، ساقلىنىۋاتقان مول تەۋەررۇكلەرنى ئۈزلۈكسىز ئاشكارىلايدۇ. بىز ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن بىباھا گۆھەرلەرنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ ۋە ياخشى باشقۇرۇپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كېيىنكى ئەۋلادلارغا زىيان - زەخمەتسىز ئۆتكۈزۈپ بېرىش — بىز بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچىمىز. شۇڭا بىز تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، يوتقان قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز لازىم.

## ئىزاھلار

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1992 - يىل، 3 - سان، 98 - بەت.

②، ③، ④ «تۆت ئىمام زەبىھۇللا تەزكىرىسى» 1988 - يىل، خوتەن يېڭى نەشرى، 33 -، 34 - بەتلەر.

⑤ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى، 1983 - يىل، 2 - سان، 11 - بەت.

⑥ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992 - يىل، 3 - سان، 84 - بەت.

# «شاھنامە» توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات

«شاھنامە» داستانى، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى ئەسەرلەر ئىچىدە، ھەجمى چوڭ، مەزمۇنى مول، غايەت زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە نادىر ئەسەر.

داستاندىكى مەلۇماتتىن ئالغاندا، «شاھنامە» داستانىنى ئەينى چاغدىكى غەزنەۋى — (ھازىرقى ئافغانىستان) لەر خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد (مىلادىيە 997 ـ يىلدىن 1030 ـ يىللارغىچە) نىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن، ئىران خەلقىنىڭ شائىرى موللافىردەۋسى 30 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان.

داستان ئاخىرىدىكى «موللافىردەۋسىنىڭ ئاتالىرى دېھقان كىشى ئىدى. ۋاقىتسىز ۋاپات بولدى. ئىككى ئوغلى بار ئىدى، چوڭىنىڭ ئىسمى ئوبۇلقاسىم مەنسۇر، كىچىك ئوغلىنىڭ ئىسمى موللافىردەۋسى تۇسى. ئەمما، تۇس (ھازىرقى ئىران تەۋەسىدە) شەھىرىدە بىر ئەمەلدار كىشى بار ئىدى. بۇلارغا ھەمىشە زەخمەت ۋە ئەلەم يەتكۈزۈپ، دېھقانچىلىقلىرىغا شىكەست بېرۇرئىدى. ئۇل بائىشتىن جاي دىكەردە بولماقنى خاھىش قىلىپ شەھەر غەزنىگە كېلىپ ئىدىلەر...»

«بىسيار رەنج تارتىتىم سال سى،
ئەجەب زىندەلىكتە ئەيلەدىم فارىسى.
ئوتتۇز يىل چېكىپ مىھنەتۇ رەنجلەر،
تەقا بۇلدە شاھ بەرمەدى گەنجلەر»

قاتارلىق بايانلار موللافىردەۋسىنىڭ ئىراندىن غەزنىگە كېلىپ



ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقىنى، «شاھنامە» داستانىنى پارس تىلىدا يازغانلىقىنى، يېزىپ پۈتتۈرۈش يولىدا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دېمەك، ئاپتور ئىلگىرىكى تارىخ ئۈستىدە ناھايىتى كۆپ ئىزدىنىپ، ئاندىن بۇ ئەسەرنى يازغان. «شاھنامە» داستانى، گەرچە ئىران خەلقىنىڭ تولىمۇ يىراق زاماندىن باشلاپ مىلادىيە 651 ـ يىللار (ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان) غىچە بولغان تارىخىنى بايان قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ بىزنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

داستان باشلانغان — «كەلتۈرۈپ دۇرلاركىم، ئۆتكەن پادىشاھلار (قەدىمكى ئىراندا) نىڭ مۇقەددىمىسى ئۇلكىم، تۆت كىردە ئىدىلەر، پىشدادلار، كىيانلار، ئەشكانلار، ساسانلار...» دېگەن بايانىدا، ئىران تارىخىنى 4 دەۋرگە بۆلگەن.

«شاھنامە» داستانى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان تارىخچىلىرىمىز، ئالدىنقى دەۋرنى رىۋايەت قىسمى، بۇ قىسىم مىلادىيەدىن 3200 يىللار بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىيەدىن 780 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقىچە بولغان 2400 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەشكانلار، ساسانلاردىن ئىبارەت كېيىنكى ئىككى دەۋر ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر قىسمى بولۇپ، مىلادىيەدىن 780 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىيەنىڭ 651 ـ يىلىغىچە بولغان 1400 يىلدىن كۆپرەك تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسپاتلاپ ئۆتتى.

مەن بۇ يەردە، داستاننىڭ ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان كېيىنكى قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى «خوتەن»، «چىن ماچىن» ئاتالغۇسىدىكى قىسمەن بايانلار ئۈستىدە توختىلىمەن.

مېنىڭ دەسلەپكى كۆزىتىشىمدە، «خوتەن»، «چىن ماچىن» ئاتالغۇسى، «شاھنامە» (نەسرىي باسما نۇسخىسى) كىتابنىڭ 242 ـ بېتىدىن 662 ـ بەتكىچە 20 گە يېقىن جايدا ئۇچرايدۇ. تىلغا ئېلىنغان خوتەن دىيارىدىكى يۇرتلاردىن «قاراڭغۇ تاغ»، «پىشە»، «ئەشمە»، «خەلىچ»، «شارىستان» قاتارلىقلارنى قوشقاندا، 30 غا يېقىنلىشىدۇ.

خوتەن ۋە خوتەن دىيارىدىكى يۇرتلارنىڭ نامى ئاتالغان بايانلاردا، ئاساسەن ئىرانلارنىڭ ئاتەش دىنى (زەر دۇشت دىنى) نىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن قوزغىغان ئۇرۇشى بايان قىلىنغان. داستاندا تىلغا ئېلىنغان «خوتەن» (بەزىدە چىن ماچىن دەپ ئېلىنغان) ھازىرمۇ شۇ نامدا ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان.

«قاراڭغۇ تاغ» بولسا، خوتەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايون بولۇپ، ھازىرمۇ ھەم قاراڭغۇ تاغ يېزىسى نامى بىلەن خوتەن ناھىيىسىگە قارايدۇ. «پىشە»، «ئەشمە»، بولسا، قاراڭغۇ تاغ يېزىسىنىڭ تاغ ئارىسىدىكى كەنتلىرىدىن بولۇپ، ھازىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

قاراڭغۇ تاغ يېزىسى پىشقەدەم كىشىلەردىن ئىگىلەپ كۆرگەندە، «ئەشمە» بۇرۇنقى زامانلاردا ناھايىتى چوڭ كەنت بولۇپ، ئادەم كۆپ، ئاۋات جاي ئىكەن. ئۇزۇن زامانلار مابەينىدە، بوران ـ قۇم ئاپىتى، سەل ئاپىتى تۈپەيلىدىن، بۈگۈنكى كۈندە، ئادەتتىكى كىچىك كەنت بولۇپ قالغان.

«خەلىچ» دېگەن نامغا كەلسەك ھازىرمۇ خوتەن ناھىيىسى باغچى بازىرىنىڭ خەلچە دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنتى بار. قەدىمكى خوتەن (ئۇدۇن) نىڭ پايتەختى بولغان يوتقان قەدىمكى شەھەر خارابىسى، خەلچە كەنتى بىلەن ئەللامە كەنتىنىڭ تۇتىشىدىغان پاسىلىدا.

ھازىر يوتقان قەدىمىي شەھەر خارابىسى جايلاشقان كەنتنىڭ نامى ئەللامە، بۇ خوتەندە مىلادىيە XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا



ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن قويۇلغان نام بولۇپ، ئەللامە دېگەن سۆز، ئالىم، ئۆلىما كىشىلەرگە بېرىلىدىغان ئۇنۋاندۇر. مىلادىيە 1217 ـ يىلى نايمان قەبىلىسىدىن بولغان كۈچلۈك خوتەننى بېسىۋېلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، خوتەن خەلقىنى ئىسلام دىنىدىن يېنىپ ئۆز دىنىغا كىرىشكە قاتتىق مەجبۇرلىغان، رەت قىلغۇچىلارنى ھالاك قىلغان. بولۇپمۇ دىنىي ئالىم، ئۆلىما زاتلارنى قىرىپ تاشلىغان. مانا مۇشۇ قىرغىندا، خوتەندىكى ئاتاقلىق دىنىي ئالىم، مەشھۇر تېۋىپ ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەدنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. خەلق ئۆزىنىڭ بۇ مۆتىۋەر زاتقا بولغان مۇھەببىتىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ تاكامۇللاشقان يۇقىرى بىلىمى (بۇ كىشىنىڭ مەشھۇر تېبابەت ئەسىرىنىڭ نامى «قەۋەنىنۇل ئىلاج» يېقىندا ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسىنىڭ بىرىنچى جىلدىغا كىرگۈزۈلدى) يۈكسەك ئابرۇيىنى مەڭگۈ ئەستە ساقلاش ئۈچۈن، ئۇ ياشىغان ۋە قازا قىلغان ئانا يۇرتىغا، ئۇنىڭ ئىسمى، ئۇنۋانى — «ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد» نى ئىشلىتىپ نام قويغان. بۈگۈنكى كۈندە خەلق تىلىدا ئەسلى نام قىسقىراپ، ئەللامە كەنتى دەپلا ئاتالغان.

«ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنى» قەتلى قىلىنغان شۇ چاغدىمۇ، قەدىمكى خوتەن (ئۇدۇن) پايتەختى بۈگۈنكى يوتقان قەدىمىي شەھەر خارابىسىدە ئىكەنلىكى مەلۇم.

قەدىمكى خوتەن (ئۇدۇن) پايتەختى جايلاشقان بۇ جايغا، ئەللامە دەپ نام قويۇشتىن ئىلگىرى، بۇ جاينىڭ نامى «خەلىچ» (خەلچە) بولۇپ، «شاھنامە» داستانىدا تىلغا ئېلىنغان «شەھەر خەلىچ» بۈگۈنكى يوتقان قەدىمىي شەھەرخارابىسىنىڭ دەل ئۆزى، ھازىرقى ئەللامە كەنتى، ئەسلىدىكى خەلچەنىڭ بىر قىسمىدۇر.

يوتقان دېگەن نامغا كەلسەك، تارىختىن مەلۇمكى، قەدىمكى زاماندا دىنىي ئۇرۇشلاردا شەھەرلەر، جۈملىدىن قەدىمكى خوتەنـ

مۇ قانغا بويالغان، يۇرت - ماكانلار تاشلىنىپ كەتكەن. كېيىنكى ئەۋلادلار ۋەيران بولغان بۇ شەھەر ئورنىنى «يۇرت قان» دەپ ئاتىغان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇگۈنكى كۈندە، خەلقىمىز تىلدا «يوتقان» غا ئۆزگىرىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن، بۇنىڭدىكى «ر» ھەرپىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، خوتەن خەلقىنىڭ يەرلىك تىل شىۋىسىنى بىلىدىغان ھەربىر كىشىگە چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك. مانا بۇ قاراش، مۇشۇ ھەقتە ئىزدىنىۋاتقان بىر قىسىم يولداشلارنىڭ يەكۈنى بولۇپ، مەنمۇ مۇشۇ قاراشنى قۇۋۋەتلەيمەن.

شۇڭا، داستاندا تىلغا ئېلىنغان «شەھەر خەلىج» مىلادىيەدىن خېلىلا ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىكى قەدىمكى خوتەن شەھىرى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

«شاھنامە» داستانى، مىلادىيە 1000 - يىللىرى يېزىلغان. بۇ چاغدا خوتەنگە ئىسلام دىنى كىرىپ تېخى ئۆزلىشىپ بولالمىغان. ئاپتور داستاننى يېزىشتا شۇ مەزگىلدە تونۇلغان «خوتەن»، «چىن ماچىن» ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىپ، ئەسلى نامى «خەلىج» نى ئاز تىلغا ئالغان.

داستاندا خوتەننىڭ «شارىستان» دېگەن يېرى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، «شارىستان» دېگەن جاي بىزنىڭ ئىزدىنىش دائىرىمىزدە تۇرماقتا.

داستاندا ئېيتىلىشىچە، ئوردا شەھىرى كىنىك دەز، كىنىك دەزىن خوتەنگىچە بولغان ئارىلىق شۇ چاغدىكى پادىشاھلارنىڭ يۈرۈشىدە، 12 كۈنلۈك يول بولغانىكەن. داستاندىكى يەنە «كىنىكدەز شەھىرىنىڭ بىر تەرىپى دەريا، بىر جانىبى تاغ، ئىككى تەرىپى سېپىل... سېپىلى كەڭ، ئېگىزلىكى 8 پەرسەڭ، توغرىسى 4 پەرسەڭ، ناھايىتى مۇستەھكەم» دېيىلگەن.

ئاپتور داستاندا تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىشتا تەبىئىي ھالدا ئىرانلىقلار مەيدانىدا تۇرۇپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئۇلارغا



قارشى تۇرغانلارنىڭ ھەققانىي كۈرىشىنىمۇ چىنلىق بىلەن ئىپادىلىگەن.

داستاندا ئەپراسىياپنىڭ ئۆز زېمىنىنى قوغداش يولىدا، ئىرانلار قولىدا ھالاك بولغانلىقى سۆزلەنگەن. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دىۋانىدا نەقىل قىلىنغان قەدىمىي قوشاق:

«ئەرلەر بۆرىدەك ھۇۋلىشىپ،
ياقا يىرتىپ ۋارقىرىشىپ.
ئۈنىنىڭ بارىچە چىرقىراپ پەرياد چېكىپ،
ئۆكسۈپ كۆزى ئۆرتىلەر.

دەپ خەلقىنىڭ ئەپراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇرۇپ كەتكەنلىكى سۆزلەنگەن.

داستاندا يەنە «ھەزرەت ئىسكەندەر (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 324 — 334 - يىللار) قىتاي دىيارىدا ئالتە ئاي تۇرۇپ (بۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشمىغان) كۆڭلىنى شاد قىلىپ چىن دىيارىدىن قوزغىلىپ بارگاھىنى تەۋرىتىپ موغالىيە زېمىنىغا يېتىپ كەلدىلەر. ئەيىرسە، موغالىيە خەلقى ھەدىيە - تۆھپىلەر بىلەن ئىسكەندەر ھوزۇرىغا چىقىپ مۇلازىمەت كۆرگۈزۈپ، بەندىلىك ھالقىسىن (ھالقۇ)، ئىتائەت گەردەنلىرىگە سېلىپ، بىرنەچچە كۈن ئىسكەندەرنى مېھمان ئەيلەپ ئاندىن ئۆز جايلىرىغا ياندىلەر. ئەمما، موغۇلىيە دىيارى قەدىمىي تىلدا مۇقان دەرلەر. يەنى، بۇلاردىن بىر كىشىنى ھەمراھ ئەيلەپ سورىدىلار كىم، موغۇلىيە نېچۇك خەلق ۋە ئەھلى خوتەننىڭ ھالى نېچۇكدۇر؟ ئول كىشى ئېيتتى — خوتەن خەلقىنىڭ كۆڭلى، تىلى بىرلە ھەمسايە ئەمەس — (ئاتەش دىنىنى تىغ ئالدىدا قوبۇل قىلىپ، قەلبىدە قوبۇل قىلمىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك)، خوتەننىڭ بىر تەرىپىدە، يا قىرىيە، ۋە ياكى شەھەر يوقتۇر، تامام

دەشت، تا مەھتىقىچە دەريا يوقتۇر، ھەزرەت ئىسكەندەر بۇ سۆز ئىشتىمائىدىن ناچار بولۇپ، خوتەن دىيارىغا بارماي، جەنۇب تەرەپ بىلەن كەشمىرگە لەشكەر تارتتى . . .» دېگەن بايانلاردىكى «موغۇلىيە»، «مۇقان» دېگەن ناملارنىڭ مىلادىيەدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىكى زامانلاردىلا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى (بولۇپمۇ خوتەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان) موغۇلىيە دەپ ئاتايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مەن بۇ يەردە داستاننىڭ «خوتەن» ئاتالغۇسى تىلغا ئېلىنغان قىسمى ئۈستىدىلا توختالغانلىقىم ئۈچۈن يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىم، دېڭىز سۈيىنىڭ بىر تامچىسىدىنلا ئىبارەت (داستاننىڭ خوتەنگە ئائىت قىسمى ئۈچۈنمۇ ھەم شۇنداق). مەقسىتىم، مۇشۇ ساھەدە كەسىپ ئەھلى بولغان ئۇستازلارنىڭ تولۇقلىشىنى، تۈزىتىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئەجدادىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان سەپداشلارنىڭ جاپالىق ئەجرىگە ھەمدەمدە بولۇشتىن ئىبارەت.



# «شاھنامە» دە خاتىرىلەنگەن تۇرانلار ئوردىسى «كىنكدەز» شەھىرىنىڭ ھازىرقى ئورنى توغرىسىدا

بىز تارىخىي ماتېرىياللاردىن «تۇران»، «تۇرانلار» ئاتالغۇسىنى ئۇچراتقىنىمىزدا، ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيا دېيىلىۋاتقان كەڭ تېررىتورىيىدە ياشىغان قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا تۈركىي قوۋم توغرىسىدا:

«276 نەزەر سېلىنسا، بۇ تۈرك بەگلىرى،
جاھان بەگلىرىنىڭ ياخشىلىرى ئىدى،
277 تۈرك بەگلىرى ئىچىدە نامى مەشھۇر بولغىنى،
سائادەتمەن تۇڭا ئالپ ئەر ئىدى.
278 يۇقىرى بىلىمى بىلەن پەزىلىتى كۆپ،
بىلىملىك، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، خەلقىنىڭ خىلى ئىدى.

دەپ يازغان.

«قۇتادغۇبىلىك» تە تىلغا ئېلىنغان «تۇڭا ئالپ ئەر» ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرانلار شاھى ئەفراسىياپ ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان، داستاندا ئەفراسىياپنىڭ تۈركلەرنىڭ سەردارى ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. دېمەك، «تۇرانلار» ئاتالغۇسى ئەينى ۋاقىتتا «تۇرا» دەپ ئاتالغان تېررىتورىيىدە ياشىغان كىشىلەرنىڭ

قوۋم - ئىرقىغا قارىتىلغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم .

جاھان تارىخىدا بىرىنچى بولۇپ دۆلەت ئاپپاراتى ۋە مىخ خەتنى ياراتقان سۇمىر مەدەنىيىتى ئېچىلىپ ، سۇمىر تىلى ئوقۇلدى . ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىنگلىزلاردىن سىر راۋلىنسۇن : «سۇمىرلار سكىفلاردۇر ، ئۇلارنىڭ تىلى موڭغۇل - مانجۇ تىللىرى بىلەن يېقىنچىلىقى بولغان تۇران تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپدۇر» دەپ ، سۇمىرلارغا ئائىت كېيىنكى تەتقىقاتلارغا يول ئېچىپ بەرگەنىدى . ئارخېئولوگلار ، ئارخېئوگرافلار ۋە تارىخشۇناسلارنىڭ مۇشۇ ئەسىردىن بۇيانقى تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە ، سۇمىرشۇناسلىق پەيدىنپەي بىر پەن سۈپىتىدە شەكىللىنىپ ، دۇنيا مەدەنىيىتىگە «گىلگامىش» داستانىنى تەقدىم قىلغان سۇمىرلارنىڭ سام ئەمەس ، بەلكى تۇران ئىرقى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى . بۇ ، تارىخ پېنىنىڭ زور ئۇتۇقى ① .

ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئالىملىرىدىن فوتىپللى ، مورگان قاتارلىقلار : «مەدەنىيەت تارىخچىلىرىنى مۇشكۇلاتقا قويىدىغان ، تېخى ھېچبىر ئېچىلمىغان بىر مەسىلە بار ، ئۇ بولسىمۇ ، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ بۇرۇن قەيەردىن باشلانغانلىقى ھەققىدىكى تالاش - تارتىش بولۇپ ، ئۇنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ تۈرك يۇرتىدۇر» دەپ يېزىشقان ② . دېمەك ، قەدىمكى تۇرانلارنىڭ ياشىغان جايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىرقى ، مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ناھايىتى مۇھىم . شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندە مەن ، ئەينى زاماندا تۇرانلارنىڭ پايتەخت شەھىرى بولغان «كىنكدەز»نىڭ ھازىرقى ئورنى توغرىسىدىكى دەسلەپكى قارىشىمنى بايان قىلىپ ، ئۇستازلار ۋە كەسىپداشلارنىڭ تۈزىتىشى ۋە تولۇقلىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچىمەن .



«شاھنامە» داستانىنىڭ ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر دەپ قارالغان كېيىنكى قىسمىدا ، تۇرانلار بىلەن ئىرانلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشلار ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . داستاننىڭ ئۆزىدىكى مەلۇماتتىن ئالغاندا ، ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئىرانلىقلارنىڭ زەردۇشت (ئوتقا چوقۇنۇش) دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشنى قورال قىلىپ ، كېڭەيمىچىلىك قىلغانلىقى سەۋەب بولغان . تارىخشۇناسلارنىڭ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا ، بۇ ئۇرۇش مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 529 - يىللىرىدىن 329 - يىللارغىچە 200 يىل ئۆپچۆرىسىدە داۋام قىلغان ③ .

«شاھنامە» (نەسرىي باسما نۇسخا) دىن مەلۇم بولۇشىچە ، ئەينى چاغدا ئىرانلىقلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى كۆرەش قىلغان ، تۇران شاھلىرى — تۇر ، تۇرنىڭ ئوغلى پىشەڭ ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەپراسىياپ ، ئەپراسىياپنىڭ قېرىندىشى ئەرجاسىپ قاتارلىقلار بىر - بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، تۇران خەلقىنى يېتەكلەپ ، كېڭەيمىچىلەرگە قارشى كۆرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ، ئۆز ۋەتىنىنى باتۇرلۇق بىلەن قوغدىغان . ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ ئۇرۇش مەزگىلىدە ، تۇرانلارنىڭ شاھ ئوردىسى «كىنكدەز» دە بولۇپ ، داستاندىكى مەلۇماتتا : «كىنكدەز شەھرىنىڭ بىر تەرىپى دەريا ، يەنە بىر تەرىپى تاغ ، ئىككى تەرىپى سېھىل ، سېھىل كەڭ ، ئېگىزلىكى سەككىز پەرسەڭ ، توغرىسى تۆت پەرسەڭ ، ناھايىتى مۇستەھكەم» ، «كىنكدەز كەڭرى جايدۇر ، ئاستىنىڭ پەسلىكى سەككىز تاش ، ئېنى تۆت تاش ، بۇنداق مەھكەم جاي جاھاندا يوقتۇر . . .» ، «ئىرانلار كىنكدەزگە (يېتىپ) كېلىپ كوردىكىم ، سەددى ئىسكەندەر يەڭلىغ مەزمۇت . . .» دېيىلگەن .

كىنكدەزدىن خوتەنگىچە ئارىلىق (پىيادىلىنىڭ ياكى ئاتلىق)

تەخمىنەن 12 كۈنلۈك يول بولۇپ ، ئىككى ئوتتۇرىدا بىۋاستە ئالاقە قىلىنىپ ، ئۇلار خۇشاللىق ھەم قايغۇدا تەقدىرداش بولغان . «ۋاقتىكى ئەپراسياپ بەرزو جەڭدىن باسۇرۇق بولۇپ قېچىپ ، شەھىرى خەلىج (قەدىمكى خوتەن شەھىرى ) دە كۆڭلى خاراب ، دىدەلىرى پىراپ قارا» ئالغان ، «خەلىج ئەھلىگە دەرد ـ دىلىنى بايان . . .»④ قىلغان . دېمەك ، ئەپراسياپ دەرد ـ دىلىنى خوتەن ئەھلىگە بىۋاستە ئېيتقان . ئەمما ، داستاندا ئىرانلىقلارنىڭ تۇرانغا ئەۋەتكەن نامە ـ خەتلىرىنى تۇرانلار «دەبىر» (تەرجىمان ) ئارقىلىق چۈشەنگەنلىكى خاتىرلەنگەن .

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، مىلادىيە 727 ـ يىلى ھىندىستانغا بۇددا نومىلىرىنى ئېلىشقا بېرىپ ، غەرب تىنچلاندۇرۇش باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قايتىپ كەلگەن بۇددىست خويچاۋ ئۆزىنىڭ «بەش ھىندى دۆلىتىگە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە : «خۇمىد (ۋاخان ) دۆلىتىدىن شەرققە قاراپ 15 كۈن مېڭىپ پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ ، سۇڭلىڭ ھەربىي كەنتىگە كەلدىم . مەن ئۇ يەردە تاڭ خاندانلىقىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ نازارەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم . بۇ يەرگە ئىلگىرى قىرپانە بەگلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى پىشەڭ ھوكۇمرانلىق قىلغانىكەن . . . چەت ئەللىكلەر بۇ يەرنى ‹قىرپانە بەگلىكى› ، دەپ ئاتايدىكەن . خەن دەۋرىدە بۇ يەر سۇڭلىڭ (پامىر ) دەپ ئاتىلاتتى . . .» دەپ يازغان . «يېڭى تاڭنامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە : «قىرپانە بەگلىكى سۇلى (قەشقەر ) بەگلىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ . . . بۇ بەگلىك سۇڭلىڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ، ئاستانىسى كەينىدىن شتو دەرياسى (تاشقورغان دەرياسى ) شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ . . . پادىشاھى ئەسلىدە سۇلىلىق بولۇپ ، تەخت تاجىغا



تەسەپ بويىچە ۋارىسلىق قىلىدۇ . . . ئادەملىرى قاۋۇل ، بەستلىك ، چەبدەس بولۇپ ، تەقى ـ تۇرقى ۋە تىل ـ يېزىقى ئۇدۇن (خوتەن ) لۇقلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ . . .» دېيىلگەن ، «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە : «قىرپانە بەگلىكىنىڭ ئايلانمىسى 200 چاقىرىمغا يېتىدىكەن ، پايتەختى ئېگىز تاغ ئۈستىدە بولۇپ ، ئارقا تەرىپى شتو دەرياسىغا قاراپ تۇرىدىكەن . ئوردا سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 20 چاقىرىم كېلىدىكەن» ؛ «لياڭ نامە . پاتلار تەزكىرىسى» دە : «قىرپانە بەگلىكىنىڭ ئاستانىسى تاغ جىلغىسى ئىچىدە بولۇپ ، بۇ بەگلىكتە 12 شەھەر بار ، ئۆرپ ـ ئادىتى ئۇدۇن بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ »⑤ دەپ خاتىرىلەنگەن .

يۇقىرىقى بايانلاردىكى قىرپانە بەگلىكىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى پىشەڭ بىلەن «شاھنامە» دە كۆرسىتىلگەن تۇران شاھى پىشەڭ بىر ئادەم بولۇپ ، كېيىنكى زامانلاردا كىنىكەدز شەھىرىنى مەركەز قىلغان بەگلىك ـ قىرپانە بەگلىكى دەپ ئاتالغان . «قىرپانە بەگلىكىنىڭ ئاستانىسى ئېگىز تاغ ئۈستىدە بولۇپ ، ئارقا تەرىپى شتو دەرياسىغا قاراپ تۇرىدۇ» دېگەن بىلەن «شاھنامە» دىكى تۇران ئوردىسى «كىنىكەدز شەھىرىنىڭ بىر تەرىپى دەريا ، يەنە بىر تەرىپى تاغ ، ئىككى تەرىپى سېپىل» دېگەنلەر ئۆزئارا ماس بولۇپ ، ھەر ئىككى باياندا ئوخشاشلا قەدىمكى تۇران پايتەختى كىنىكەدز (كېيىنكى ۋاقىتتىكى قىرپانە بەگلىكىنىڭ ئوردا شەھىرى ) نى كۆرسىتىدۇ . شۇنىڭدەك يەنە ، «قىرپانە بەگلىكىنىڭ ئادەملىرى قاۋۇل ، بەستلىك ، چەبدەس ، بولۇپ ، تەقى تۇرقى ۋە تىل ـ يېزىقى ئۇدۇنلۇقلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ» دېگەن بايانلار بىلەن «شاھنامە» دە كۆرسىتىلگەن «ئەپراسياپنىڭ شەھىرى خەلىج ئەھلىگە دەرد ـ دىلىنى بايان

قىلغان» لىق ئۆزئارا ماس بولۇپ ، بۇ ئەينى چاغدا تۇران پايتەخـ
تى كىنكەز شەھىرى بىلەن قەدىمكى خوتەندە ياشىغان خەلقنىڭ
بىر قوۋم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ .

شۇنداق بولغاندا ، خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرسە-
تىلگەن قىرپانە بەگلىكى پايتەختى بىلەن «شاھنامە» داستانىدى-
كى تۇران پايتەختى كىنكەز بىرلا شەھەرنى بىلدۈرىدۇ . شۇن-
داق ئىكەن ، بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ بۈگۈنكى ئورنى تاشقورغان
ناھىيىسىدىكى قەدىمكى تاش شەھەر بولۇپ چىقىدۇ . بۇ شەھەر
(خارابىسى ) ھازىرمۇ تاشقورغان دەرياسى بويىدا مەزمۇت قەد
كۆتۈرۈپ تۇرماقتا . خوتەن بىلەن بولغان ئارىلىقمۇ تەخمىنەن
12 كۈنلۈك يول كېلىدۇ .

ئارخېئولوگ ستەيىننىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىغا ئاسا-
سلانغاندا ، مىلادىيە 641 - يىلى تاڭ شۈەنزاڭ ھىندىستاندىن
قايتىش سەپىرىدە قىرپانە بەگلىكىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا
سازاۋەر بولۇپ ، بۇ جاينى كۆرگەن ۋە ئۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇر-
غان . ستەيىن : بۈگۈنكى تاشقورغان ناھىيىسىدىكى «مەلىكە
قورغان» خارابىسى دەل ئۇ خاتىرە قالدۇرغان جايدۇر ، دەپ
قارىغان . ئۇنىڭ بۇ بەكۈننى تۇۋەندىكى پاكىتلار ئىپخىمۇ دەللى-
لەيدۇ : تاڭ شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان
ساياھەت خاتىرىسى» دە بايان قىلىنغان قىرپانە بەگلىكىنىڭ
پادىشاھى ئۆزلىرىنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادى توغرىسىدا تاڭ
شۈەنزاڭغا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايە ⑥ ، يەنى ، «قەدىمكى پىر-
سىيە پادىشاھىنىڭ سۈيىمدە كۆرگەن چۈشى» دىكى ، پىرسىيە
پادىشاھىنىڭ «مەشرىق ئېلى چىن مەلىكىسىگە ئۆيلەنمەكچى
بولغان» لىقىنى باشلىنىش قىلغان بىر قاتار ۋەقەلىك ، «شاھنا-
مە» داستانىدىمۇ ئەينەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . ئۇنىڭدىكى :



تۇران شاھى ئەپراسىياپنىڭ سىياۋۇشقا ئەۋەتكەن نامىسى - «يۇ-
تۇپەدۈركىم ، يەنى شاھ تۇران خاقانى چىن دىن سىياۋۇش قاسوز
بۇ كىم ، بىزلەر كۆرگىلى بارادۇرمىز . بۇ نامە تەگكەن ھامان
مېھماندارلىق ئەسبابىنى مۇھەييا قىلىپ ، بىزلەرنىڭ ئالدىمىزغا
كەلگىن . بىزلەرنىڭ يامانلىقىمىز يوق . ئەۋەل تۇز بەردۇق ،
ئاندىن قىز بەردۇق . ۋىلايەت خوتەننى جۇلدە قىلىپ ، نەچچە
مىڭ خىزمەتكار ۋە پالۋان ئىلتىپات ئەيلەپ ، بىر ئوغلۇم ئەقىدە
قىلىپ ، بارچە پەرزەنتلىرىم قاتارىدا بىلدىم . . .» دىن مەلۇم-
كى ، داستاندا تۇران زېمىنى «چىن» ، تۇران شاھى «خاقانى
چىن» دەپ ئاتالغان . ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (جۇڭگو ) نىڭ ئەينى
زامانىدىكى ھاكىمىيىتى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 475 - يىلدىن
221 - يىللىرىغا قەدەر داۋاملاشقان ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر سۇلالى-
لىرى بولسا كېرەك ) «پەغپۇر چىن» دەپ ئاتالغان . داستاندا
ئىرانلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇش مەقسىتى-
دە خاقان چىن ، پەغپۇرچىنلەرگە نامە - خەتلەر ئەۋەتكەنلىكى
ئېنىق خاتىرىلەنگەن . ۋىلايەت خوتەن بولسا «ماچىن» دەپ ئاتال-
غان .

مەلۇمكى ، شۈەنزاڭ قىرپانە بەگلىكى پادىشاھىدىن ئاڭلى-
غان ھېكايىدىكى پىرسىيە پادىشاھىنىڭ چۈشىدە نامايان بولغان
«مەشرىق ئېلى چىن» - تۇران پايتەختى كىنكەزنى كۆرسىتى-
دۇ . «شاھنامە» داستانىنىڭ 235 - بېتىدە خاتىرىلەنگەن ئىران
شاھى كەيكاۋۇسنىڭ كۆرگەن چۈشى ۋە قۇرئەندازلارنىڭ بۇ
چۈشكە بەرگەن تەبىرى شۈەنزاڭنىڭ قىرپانە بەگلىكى پادىشاھى-
دىن ئاڭلىغان ھېكايىدىكىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ، پەرقى
شۇكى ، تۇران شاھى ئەپراسىياپنىڭ قىزى — «مەشرىق ئېلى
چىن مەلىكىسى» پىرىنكىش بانۇنى شاھ كەيكاۋۇس ئەمەس ،

بەلكى شاھزادە سىياۋۇش (كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى) ئۆز نىكاھىغا ئالغان. ئىران شاھزادىسى سىياۋۇش ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سىياۋۇشنىڭ ھامىلىدار بولغان مەلىكە پەرىنكىش، مەلىكە جەرىرە بانۇ (تۇران ۋەزىرى پىران ۋىيسەنىڭ قىزى بولۇپ، بۇمۇ سىياۋۇشتىن ھامىلىدار ئىدى) لارنى تۇران شاھى ئەپراسىياپ ئۆلۈمگە بۇيرۇغاندا، ۋەزىر - ئەمرالار تىلىۋالغان. «ئەلقىسسە، پىران ۋىيسە پەرىنكىش بانۇنى بىر پادىچىغا تاپشۇرۇپ (كېيىن قايتۇرۇپ كەلگەن بولسا كېرەك) ئۆزىنىڭ قىزى جەرىرە بانۇ شەھىرى كىنىككە يېقىن بىر تاغ بار ئىدى، ئانى سىيدكوھ ئاتار ئىدىلەر، ئاندا بىر قەلئە بار ئىدى، ئول قەلئە سىيدكوھ ئۈستىدە ئىدى، 25 خىزمەتكار بىلەن ئاندا كەلتۈرۈپ قويدى» ⑦.

دېمەك، ئىران شاھزادىسى سىياۋۇشتىن ھامىلىدار بولۇپ قالغان ئىككى نەپەر تۇران مەلىكىسى ساقلانغان (مەلىكىلەردىن تۇغۇلغان باللار ھەر ئىككى دۆلەتكە نىسبەتەن شاھ ۋارىسلىرى بولىدىغانلىقىدەك شۇ چاغدىكى ئادەتنى كۆزدە تۇتقاندىمۇ، مەلىكىلەر ئۆلتۈرۈلمىگەنىكەن، قاتتىق مۇداپىئە ئاستىدا ساقلانغان). سىيدكوھ تېغى ئۈستىدىكى قەلئە، شۈبھىسىزكى قىرپانە بەگلىكىدە كۆرگەن ۋە خاتىرىگە ئالغان قورغاننىڭ نەق ئۆزى بولۇپ، ئۇ بىرلا قورغاننى، يەنى بۈگۈنكى تاشقورغان ناھىيىسىدىكى قەدىمكى تاش شەھەر (كىنىكدەز شەھىرى) گە يېقىن ئېگىز تاغ ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان «مەلىكە قورغان» نى كۆرسىتىدۇ. بۇ نام مەزكۇر قورغانغا يەرلىك خەلق تەرىپىدىن ناھايىتى مۇۋاپىق قويۇلغان، چۈنكى ئۇنىڭدا قەدىمكى تۇران شاھ - ۋەزىرلىرىنىڭ مەلىكە قىزلىرى ساقلانغان. بۇ قەدىمكى تۇران پايتەختى كىنىكدەز شەھىرىنىڭ بۈگۈنكى ئورنى - تاشقورغان



ناھىيىسىدىكى قەدىمىي تاش شەھەر خارابىسى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

## ئىزاھلار:

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنال 1986 - يىل 5 - سان، 1 -، 2 - بەتلەر.

② «بۇلاق» ژۇرنىلى 1982 - يىل 1 - سان، 288 - بەت.

③ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنال 1986- يىل 5 - سان، 6 -، 7 - بەتلەر.

④ «شاھنامە» داستانى نەسرىي باسما نۇسخا 290 - بەت.

⑤ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993 - يىل 2- سان، 49 -، 51 -، 52 - بەتلەر.

⑥ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1990 - يىل 4 - سان، 187 -، 188-، 189 - بەتلەر.

⑦ «شاھنامە» داستانى نەسرىي باسما نۇسخا، 234 - بەت.

# خوتەننىڭ قەدىمكى تارىخىي ۋەقەلىكلىرىگە ئالاقىدار بولغان «سىياۋۇش ۋەلىيۇللا» مازىرى توغرىسىدا

خوتەننىڭ لوپ ناھىيە بەشتوغراق يېزىسى تەۋەسىدە «سىياۋۇش ۋەلىيۇللا مازىرى» ناملىق بىر قەبرىگاھ — زىيارەتگاھلىق بولۇپ، قەدىمكى زامان خوتەن تارىخىي ۋەقەلىكلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە، يەرلىك خەلق تەرىپىدىن تا ھازىرغىچە مۇھاپىزەت قىلىنىپ كەلمەكتە.

ھازىرقى دەۋرىمىزدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى يېزىلىپ زامانىمىزغىچە تولۇقى بىلەن يېتىپ كەلگەن نادىر ئەسەر «شاھنامە» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، سىياۋۇش — ئەينى چاغدىكى ئىرانلار شاھەنشاھى كەيكاۋۇسنىڭ شاھزادىسى بولۇپ، «شاھنامە» داستانىدا خېلى كۆپ تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى خوتەن ۋەقەلىكلىرىدىكى خوتەنگە پادىشاھ بولغان ئالاھىدە شەخس.

«شاھنامە» ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان تارىخچىلىرىمىزنىڭ، «شاھنامە» دە خاتىرىلەنگەن ئىرانلار بىلەن تۇرانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 529 - يىللاردىن 329 - يىللارغا قەدەر ئىككى يۈز يىل ئەتراپىدا داۋاملاشقانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسپاتلاپ ئۆتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدۇق.

دېمەك، سىياۋۇشقا ئالاقىدار خوتەن تارىخىي ۋەقەلىكلىرىمۇ دەل شۇ ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

«شاھنامە» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدىكى



ئىران شاھەنشاھى كەيكاۋۇسنىڭ 101 نەپەر كېنىزىكى بولۇپ، شەھۋانىي ئەيش - ئىشرەتكە تولىمۇ ئامراق ئىكەن. چوڭ خانىشى سۇدابە ناھايىتى ھىيلىگەر بولۇپ، ياش ھەم چىرايلىق شاھزادە سىياۋۇشقا كۆزى چۈشكەن، ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي ئىشرەتتە بولۇپ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. شاھزادە سىياۋۇش ئۆز دادىسىغا سەممىي - سادىق بولغاچقا، ئۇنىڭ (ئۆگەي ئانىسىنىڭ) تەلىپىنى رەت قىلغان.

ئۆز قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرىگەن سۇدابە ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، گۇۋاھ - ئىسپات ياساپ، شاھزادە سىياۋۇشقا تۆھمەت چاپلاپ قارىلاپ، شاھ قېشىغا كىرگەن.

شاھزادە سىياۋۇش ئۆزىنىڭ دادىسىغا سەممىي - سادىق ئىكەنلىكىنى، سۇدابە دېگەندەك ناشايان ئىشلارنى ئەسلا قىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، شەھۋەتپەرەس كەيكاۋۇس ئىلاجسىز ئەھۋالدا، شاھزادە سىياۋۇشنى تۇرانىيلارغا قارشى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سەپىگە لەشكىرىي قوماندان قىلىپ ئەۋەتكەن.

ئەينى چاغدىكى تۇرانىيلار شاھى ئەپراسىياپنىڭ ئىرانلارغا ئەۋەتكەن نامە - خەت تەكلىپىگە ئاساسەن، ئالدىنقى سەپتە ئىككى تەرەپ سۈلھ تۈزۈپ، ئۇرۇش توختىتىپ، كېلىشىم بويىچە تىنچلىق ئورناتقان ئەھۋالدا، ئۇرۇشپەرەس كەيكاۋۇس تىنچلىق كېلىشىمىنى قەتئىي رەت قىلىپ، شاھزادە سىياۋۇش باشچىلىقىدىكى ئالدىنقى سەپ سەركەردىلىرىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇپلا قالماستىن، بەلكى تۇرانلار پايتەختى «كىنىكدەر» نى ئىرىپىرەن قىلىپ، تۇران شاھى ئەپراسىياپنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلەلىسەڭ، نەگە بارساڭ بار، مېنىڭ قېشىمغا كەلگۈچى بولما، دەپ شاھزادە سىياۋۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. قىيىن ئەھۋالدا قالغان سىياۋۇش ئىلاجسىز بىر بۆلۈك سەركەردىلىرى بىلەن رۇم (بۈگۈنكى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شە-

ھىرىگە توغرا كېلىدۇ) غا كەتمەكچى بولۇپ يولغا چىقان.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان تۇران ئوردا ئەھلى، شاھ ئەپراسىياپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، سىياۋۇشنى تۇرانلار ئوردىسىغا ئىززەت - ئىكرام بىلەن تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرۈپ، ئالاھىدە ئىلتىپاتلار ئەيلەپ، شاھ ئەپراسىياپ ئۆز يېنىدىن ئورۇن بېرىپ ئىشلەتكەن - «سىياۋۇشتىن ھېچ ئەيىب - نۇقسان تاپماي، ھەممە ئىشنى پەسەندىدە كۆرۈپ، ئۇنى سىنىماق ئۈچۈن پىران ۋېيسە (تۇران ۋەزىرى) نىڭ قىزى جىرىيرە بانۇنى 40 كۈن توي شاھى مەجلىس شاھىنشاھى قىلىپ، ئەپراسىياپ ئۆزى ئاتا بولۇپ، توي جابدۇق تەييارلاپ، سىياۋۇش پاك تەنگە، ئۇل ۋاقىتنىڭ دىنى، مىللىتى بىرلە نىكاھ ئەيلەپ جىلۋىگەر قىلدىلار. بىر يىلدىن كېيىن ئۆز قىزى پىرىنكىش - بانۇنى سىياۋۇشقا ئېلىپ بەردى. يەتتە مىڭ سىپاھ چىدارنى خىزمىتىدە قويۇپ، تا بىر يىل ئۈچ ئاي قېشىدا تۇرغۇزۇپ ئاندىن مەملىكەت خوتەنگە پادشاھ قىلدى».

«ئەلقىسسە، سىياۋۇش، ئەپراسىياپ پەرمانى بىرلە تامام بارخانە ۋە چادىرمىيانەلىرىنى پىل ۋە ئىس - تىراسىپ قېچىرلارغا يۈكلەپ، بارچە لەشكەرلەر، چاكارلىرى بىرلە سىۋار بولۇپ، خوتەن سارى راۋان بولدى. مەنزىل - مىراھىل تەي قىلىپ 12 كۈن يول يۈرۈپ خوتەنگە يەتتىلەر. خوتەن ئەھلى، سىياۋۇش كېلەدۇرمىش دەپ بارچە خالايىق ئالدىغا چىقتىلەر. ئەغراز - ئىكراملار بىرلە شەھەرگە كەلتۈرۈپ ئوردىغا چۈشۈردىلەر..»، «سىياۋۇش كېلىپ بۇ شەھەرنى خوتەننى ئاۋات ئەتتى. خالايىقنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ دىلدارلىق بىرلە نەۋازىشلار قىلىپ، نەچچە يەردە قەلئە بىنا قىلدى..»

«سىياۋۇش، داد - ئەدىل قىلىپ خالايىقنىڭ كۆڭلىنى ئېلتىپات - ئىنئام ۋە ئېھسان بىرلە شاد ئەيلەپ، كۆرۈنۈش ئىشكىنى ئېچىپ ئولتۇرار ئىدىلەر..»



قىسقىسى، سىياۋۇش خوتەنگە پادشاھ بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ئادىل - ئادالەت، خەلقپەرۋەرلىكى بىلەن خوتەن خەلقىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، خوتەندە ئاۋات - مەمۇرچىلىق مەيدانغا كېلىپ، خوتەننىڭ تەرەققىياتى يۈكسەلگەنلىكى مەلۇم.

خوتەننىڭ بۇنداق مەمۇرىي ئاۋاتلىشىپ بارغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرغان تۇران ئوردا ئەھلى، شاھ ئەپراسىياپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تۇران سەركەردىلىرىدىن - گىرشىۋز شوم، بارمان ھوم، ھامان، ئەندىرىمان، گىررويى، زىرە، گىررويى گىرزىم، پەرھاد قاتارلىق 7 نەپەر سەركەردە باشچىلىقىدا بىر بۆلەك تۇران ئوردا ئەھلى خوتەنگە سىياۋۇشنى يوقلاپ كەلگەن. پادشاھ سىياۋۇش باشچىلىقىدىكى خوتەن ئەمىر - ۋەزىرلىرى ئۇلارنى تولىمۇ ئىززەت - ئىكراملار بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىپ ئەتراپلىق كۈتۈۋالغان، ھەتتا جاي - جايلاردا، تاغ - ئورمانلارغىچە سەيلى - ساياھەت ۋە شىكار قىلدۇرۇپ كۆڭلىنى ئالغان بولسىمۇ، سىياۋۇشنىڭ دانا خەلقپەرۋەر ھاكىمىيەت باشقۇرۇش قابىلىيىتى ھەم خوتەننىڭ شۇنچىغا يارىشا مەمۇرىي ئاۋاتلاشقان تەرەققىياتىغا ھەسەت قىلغان گىرشىۋز قاتارلىقلارنىڭ قەستەن قۇسۇر تېپىپ، ئوردىغا قايتىپ بېرىپ شاھ ئەپراسىياپقا: «... سىياۋۇشنىڭ يامان نىيىتى بار ئىكەن، بىزلەرنى كۆزگە ئىلمىدى.. .تۇران ئوردىسىغا بېسىپ كېلىپ چوڭ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈش قارا نىيىتىدە، خوتەندە مۇستەھكەم ئاساس يارىتىپتۇ.. .بىز ئالدىن قول سالمىساق ئاقىۋىتى خەتەرلىك...» دېگەندەك سىياۋۇش قارىلانغان ئۇيدۇرما خاتا مەلۇماتنى يەتكۈزۈپ، نەتىجىدە سىياۋۇش خوتەن ئۈپرىقىدا ناھەق قەتل قىلىنغان.

سىياۋۇشنىڭ نىكاھىدا بولغان پىرىنكىش بانۇدىن تۇغۇلغان يالا - خىسروي، ئىرانلار تەرىپىدىن بىر ئاماللار بىلەن ئىرانغا

ئانا ـ بالا ئېلىپ كېتىلىپ ، كېيىنكى چاغدا ئىران شاھزادىسى
بولۇپ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان . بۇ چاغدا ، تۇرانلارنىڭ
خېلى كۆپ زېمىنى ، ھەتتا ئوردا ـ پايتەخت «كىنكدەز» نىمۇ
ئىرانلار بېسىۋالغان بولۇپ ، خوتەننىمۇ ئىرانلار قولىغا ئۆتۈپ
كەتكەن ، شاھزادە خسروي خوتەن زېمىنىغا كېلىپ دادىسى
سىياۋۇش قەتل قىلىنغان جاينى سۈرۈشتۈرگەن — «پادىشاھ
خسروي مەنزىل قەتئىي قىلىپ خوتەن دىيارىغا كەلدىلەر . ما-
چىن خەلقى خەۋەر تېپىپ شاھ ئىستىقبالىغا كېلىپ ، زېمىن
ئىبادەت ئەيلەپ (يەرگە باش قويۇپ) ، شەھەرگە نىزول كىرگۈ-
زۈپ يىغلىشىپ تۇردىلەر . شاھ ھەم كىريەلەر ئەيلەپ سوز ئەغاز
ئېيتتى : ئەي خالايىقلار ، ئاتامنى شاھادەتكە يەتكۈزگەن يەرنى
كۆرسىتىڭلار ، تاكى زىيارەت قىلغايمەن . بۇ مەردەملەر كىريە-
لەر بىلەن شاھنى خوتەننىڭ شارىستان دېگەن جايىغا باشلاپ
كەلدىلەر . زىراكى ، سىياۋۇش ۋەلىنى ئول يەردە شېھىت قىلىپ
ئىدى . شاھ بۇ مۇقامغا كېلىپ كۆردىكىم ، بۇ يەر كۆزىگە غەرق
خۇن كۆرۈنگەندەك مەلۇم بولدى . ئاھ ـ ۋاھ بىرلە ئۆزىنى
ئاتتىن تاشلاپ سەبىلدەك يۇمىلىنىپ يىغلاپ كەتتى .» «...
ئاتالىرىنىڭ مۇبارەك باشلىرىنى ساندۇق ئىچىگە سېلىپ ، ئىككى
ھەپتىدىن كېيىن تۇران دىيارى (ئوردا شەھەر كىنكدەز)غا
راۋان بولدىلەر .»

تۇران خەلقىنىڭ يول باشچىسى شاھ ئەپراسياپنىڭ ئۆز
خەلقىنى تىنچ ـ ئامان ئاسايىشلىققا ئىگە قىلىش ، تۇرانلار
تۇپرىقىنى تاجاۋۇزچىلارنىڭ بېسىۋېلىشىدىن ساقلاپ قېلىش يۈ-
زىسىدىن قوللانغان يىراقنى كۆرەر دانە تەدبىر بولغان تىنچلىق
كېلىشىمى ھەم ئىران شاھزادىسى سىياۋۇشنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل
قىلىپ خوتەنگە پادىشاھ قىلىشى ، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتتە ، تۇران-
لارنىڭ تىنچلىق ئۈمىد ـ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ .
سىياۋۇش ھاكىمىيەت تۇتۇشتىكى ئادىل ، خەلقپەرۋەرلىكى



بىلەن خەلققە ئاسايىشلىق بېرىپ ، خوتەننى مەمۇرىي ـ ئاۋات
قىلىۋاتقان ئەھۋالدا ، ھەسەتخورلارنىڭ تۆھمىتى سەۋەبلىك نا-
ھەق قەتل قىلىنغان ئېچىنىشلىق بۇ تارىخىي ۋەقە ، خەلق قەلبى-
گە قاباھەتلىك چۈشەندەك قاتتىق تەسىر قىلغان ھالەتتە ، خەلقپەر-
ۋەرلىكنىڭ تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرىتى تۈرتكىسىدە ، خوتەن
خەلقى قەدىمدىن تاھازىرغىچە ، ئەۋلادمۇئەۋلاد سىياۋۇشنىڭ قەب-
رىگاھىنى ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قەدىرلەپ ، مۇھاپىزەت قى-
لىپ ، زامانىمىزغىچە يەتكۈزگەندەك قىلىدۇ . سىياۋۇشنىڭ خو-
تەن تۇپرىقىدا ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي
ۋەقەنى ئەجدادلىرىمىز كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۈزۈلدۈرمەي يەتكۈ-
زۈپ كەلگەن ، يەرلىك خەلق ھېلىھەم بۇ ۋەقەنى راۋان سۆزلەي-
دۇ .

ئەينى چاغدىكى ، تۇرانلار شاھلىقىنىڭ باش شاھ ئوردا
شەھىرى «كىنكدەز» نىڭ بۈگۈنكى ئورنى ، شىنجاڭ تاشقورغان
ناھىيىسىدىكى قەدىمكى تاش شەھەر ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەم-
دە مۇئەييەنلەشكەندى .

«شاھنامە» دىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا ، قەدىمكى خوتەن تۇ-
رانلار شاھلىقىغا قاراشلىق بىر پادىشاھلىق بولۇپ ، سىياۋۇش ،
ئەنە شۇ چاغلاردا تۇران شاھلىقى تەرىپىدىن خوتەنگە پادىشاھ
قىلىپ تەيىنلەنگەنلەرنىڭ بىرى . سىياۋۇش قەتل قىلىنغاندىن
كېيىن ، تۇران شاھى ئەپراسياپ ئۆز ئوغۇللىرىدىن بىرىنى
خوتەنگە پادىشاھ قىلىپ تەيىنلىگەن .

ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىكى شۇكى ، «شاھنا-
مە»دىن باشقا ، كىتابىمىزنىڭ بېشىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەندەك
ۋەتىنىمىزدىكى بىر قاتار خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئا-
ساسلانغاندىمۇ ، شەھەر خەلىچ (قەدىمكى خوتەن شەھىرى) كى-
شىلىرى بىلەن تۇرانلار ئوردىسى «كىنكدەز» دىكى كىشىلەرنىڭ
بىر قوۋم ، بىر ئىرقتىكى كىشىلەر ئىكەنلىكى روشەن ئىپادىلە-

ـنىپ تۇرىدۇ.

قەدىمكى خوتەن بىلەن تۇران باش ئوردا شەھىرى «كىنىكدەز»نىڭ ئارىلىقى ئېيتى چاغدا 12 كۈنلۈك يول بولۇپ، بېرىش- كېلىش قويۇق، خۇشاللىق ۋە غەم - قايغۇدا تەقدىرداش ئىكەن. بۇ ھەقتە «شاھنامە»دە خاتىرىلەنگەن بىر قاتار مەلۇماتلار ئىچىدىن تۆۋەندىكىلەرنى قىستۇرساق كۇپايە:

«كى، ئول كىنكدەزدۇر بىجاي بىھىشت،
گۈلى مۇشكى ئۇ ئەنبەر سەرشت.
سىپىللەر بەلەند ۋە قوۋۇقلار تۇمۇر،
ئىچىدە بۇلاقلار ئوتۇن تاش كۆمۈر.
قىبىل بولسا يۈز يىل يوق ھاجەت ئاڭا،
ئاتار نېپىت قارۇر، ئادەت ئاڭا. (386)
«خەلىج كە قىچىپ كەلدى ئەپراسىياپ،
كۆزى ياش غەمدىن دىلى پىرىشتاپ.
بولۇپ كام قەسرىدە ئارامجوي،
شىكەست يەپ بۇ جەڭدە، تۆكۈپ ئابرۇي.
خەلىج ئەھلىگە رازىنى ئېيتتى كىشاد،
زۇلۇم ئەيلىمەك خىسرەوي كەيقۇباد.
باشىغا قويۇپ تاج زەرىن كۇلاھ،
شىكەست بولمىغاندۇر بۇ بەڭلىغ سىپاھ،
چۇ، بۇ ۋاقىتتا ئەگىرو غالىپ ئىدىم،
ئۇلارنىڭ شىكەستىگە تالىپ ئىدىم.
ئاققۇزۇپ جىركىم قاندىن جويى - جوي،
بۇ دەم تاپتى ئىران شاھى ئابرۇي.

دەپ زار - زار يىغلاپ تۇران ئەھلى بىرلە مەشۇرەت قىلۇر ئىدىلەر» (323 - بەت).



# يوتقان قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

قەدىمكى ئۇدۇن (خوتەن) دۆلىتى غەربىي رايوندىكى 36 بەگلىك (شەھەر دۆلەتلىرى) ئىچىدە قەدىمكى مەۋجۇتلۇقى، بىر قەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت ساپاسى، بولۇپمۇ قاشتېشى، يىپەك گىلەمنى ئاساس قىلغان ھۈنەر - سەنئەت ماھارىتى بىلەن مىلادىيەدىن خېلى ئىلگىرىكى زامانلاردىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ۋە ھەر قايسى ئەللەرگە تونۇلغان. شۇڭا، خوتەننىڭ قەدىمىي نام - ئاتالغۇسىنىڭ «ئەدەن» (گۆھەر زېمىن) دەپ خاتىرىلىنىشىمۇ يۇقىرىقىدەك ئەۋزەللىكلىرىدىن ئەلۋەتتە.

ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ قەدىمىيلىكى، بۇ ماكاندا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئۈستىدە ئىزدەنىۋاتقان ئۇستازلار ۋە كەسىپداشلارنىڭ پايدىلىنىشىغا ئاز - تولا پايدىسى بولۇپ قالارمىكىن دېگەن مەقسەتتە، قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پايتەختى شەھىرى ئورنى بولغان يوتقان قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن 1980 - يىللار مابەينىدە ئۇچرىتىلىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى ئاددىيلا تونۇشتۇرىمەن.

يوتقان قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى - ئورنى ئۆز ئەتراپىدىكى يەر يۈزىدىن 4 - 5 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بولۇپ، بۇنداق ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىگە قەدىمكى ئۇرۇشلاردا

پايتەخت شەھەرلىرىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى ئاساسىي سەۋەب بولغاندىن باشقا، كېيىنكى زامانلاردا كىشىلەر تەرىپىدىن قايتا - قايتا ئېلىپ بېرىلغان قەدىمىي شەھەر ئورنىغا سۇ باشلاپ، لاي ئېقىتىپ بايلىق ئىزدەشمۇ سەۋەب بولغان. دېمىسىمۇ بۇ جايدىكى مول، تەۋەررۇك مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇملىرىدىن باشقا ئىلگىرى - كېيىن ئۇچرىتىلغان ئالتۇن ۋە ئالتۇن بۇيۇملار كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ (باشتىكى «قەدىمكى ئۇدۇن پايتەختى يوتقان قەدىمىي شەھەر خارابىسى» دېگەن ماۋزۇنى ئوقۇڭ).

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئورنى، يوتقان قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن يىغىۋېلىپ ساقلاۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىمۇ، بۇ خارابە ئورنىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىن ئۇچرىتىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى ئىچىدە، ساپال بۇيۇملىرى مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن بۇددا دىنىغا ئالاقىدار بولغان كۆپلىگەن ئۇششاق بۇت بېشى ھەيكەللىرى، ئەينى زاماندا خوتەندە ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئىرقى - ئېتنىك مەنبەسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئالاھىدە ئۆلچەم بويىچە سىپتا ياسالغان شاپ بۇرۇت، قويۇق ساقاللىق، قاڭشارلىق، ئورا كۆز، كالپۇكى قېلىن ھالەت كۆرۈنۈشتىكى يەرلىك ئادەم باش (يۈز قىسمى ساپساق) ھەيكىلى، بېشىغا چاچ قويۇغان، ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن، قاڭشارلىق ئادەم بېشى ھەيكەللىرى، ساپال بۇيۇملار سىرتىغا كۆپتۈرمە قىلىپ چىقىرىلغان ھەر خىل چالغۇ - ساز چېلىۋاتقان، ئۇسسۇل (سىرك) ئويناۋاتقان ئادەملەر (بۇلار ئارىسىدا، بېشىدا چوڭ ياسالغان چېچى بار، قۇلىقىغا ھالقا ئاسقان، گىرېك ئۇسلۇبىدا كىيىنگەن ئەرلەرمۇ بار) ھەيكەللىرى، ئادەم سىياقىدىكى غەلىتە مەخلۇق ياكى جىن - ئالۋاستى نىقابلىق ئادەم باش - يۈزى ھەيكەللىرى، جىنسىي ئورگىنى مەقسەتلىك ئالاھىدە چىقىرىپ ياسالغان يال-



ىڭاچ ئايال (ئەپسۇسكى، بۇ ھەيكەلنىڭ بەل ئۈستى قىسمى بىلەن تىزىنىڭ ئاستى قىسمى سۇنۇپ يوقالغان بولۇپ، قولىمىزدا بارى جىنسىي ئورگىنىنى مەركەز قىلغان تىز بىلەن بەلنىڭ ئارىلىق قىسمى) ھەيكىلى بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.3 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ساپالدىن ياسالغان ھايۋان ۋە ئۇچار قۇش ھەيكەللىرىدىن ئات، تۆگە، كالا، پىل، يولۋاس، ئىت، مايمۇن، بېلىق، ھۆپۈپ، ھۇقۇش قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئىچىدە يۈك ئارتىلغان تۆگە، چەۋەنداز مىنگەن ئات، دۇمباق چېلىۋاتقان مايمۇن، قايىم بولغان (تىكلەنگەن) زەكىرىنى قولىدا سىقىمداپ تۇرغان ھالەتتە مەقسەتلىك ياسالغان مايمۇن (بۇ ھەيكەل ساق بېجىرىم) ھەيكىلى قاتارلىقلار ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. قايىم بولغان زەكىرىنى قولىدا سىقىمداپ تۇرغان ھالەتتىكى مايمۇن ھەيكىلىنىڭ ئېگىزلىكى 5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 3 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.1 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بولۇپمۇ، ئات بىلەن يولۋاس ھەيكىلى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، خاس ئات (باش قىسمىنى ئاساس قىلغاندا) ھەيكىلى 30 دىن ئاشىدۇ. بىزگە ھازىرچە ناتونۇش بولغان ھايۋان ھەيكەلى پارچىلىرىمۇ بار. يۇقىرىقى ھايۋانات، ئۇچار قۇش ھەيكەللىرىنىڭ چوڭى ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتىكى ئۈزۈم لازىچىلىك بولسا، ئەڭ كىچىكى بۇغداي دانىسى چوڭلۇقچىلىك كېلىدۇ.

ساپال بۇيۇملار ئىچىدە ئۇنىڭغا كۆپتۈرمە قىلىپ ئويۇلغان سازچىلار قولىدىكى ھەر خىل چالغۇ - سازلاردىن باشقا، قونچلۇق يەتتىنكە شەكىلدە ياسالغان بىر دانە ساپال پۈشتەك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 3 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ھازىرمۇ چالسا پۈشتەك ئاۋازىدەك چىقىدۇ. دېمەك، ساپال بۇيۇملىرىدىن كوپتۈرمە، ئويما نەقىش - شەكىللەر چۈشۈرۈلگەن، نەپىس ئىشلەنگەن كوزا - كومزەك،

قاچا - قۇچا قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ كۆپلىگەن پارچىلىرى ئىچىدە، بىر ساپ ئۈزۈم شەكلى بار ساپال بۇيۇم پارچىسى بىلەن ھازىرمۇ ساق پېتى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ناھايىتى كىچىك (ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 3.7 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 2 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.4 سانتىمېتىر) ساپال قەدەھ بىزنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. ساپال بۇيۇملار ئىچىدە، يەنە ئۆلچەملىك، ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن ئاپتۇۋا مودېللىرى بولۇپ، ئەڭ چوڭى بۇغدايىنىڭ كىچىك باشقىچىلىك، ئەڭ كىچىكى قوناق دانىچىلىك بار، ھېلىمۇ ساپمۇساق.

ساقلىنىۋاتقان بۇيۇملاردىن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قۇياشقا چوقۇنۇش ئېتىقادىغا ئالاقىدار بولغان كۈن نۇرى شەكلى چۈشۈرۈلگەن، ياسىقاق تاشتىن ياسالغان بىر دانە تامغىمۇ بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

بىز يۇقىرىدا، تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن يوتقان قەدىمكى شەھەر خارابىسىدە ئۇچرايدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇملىرىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە ئىپادە - مەزمۇنى، مەلۇم سىمۋول خاراكتېرى بولسىمۇ، ھازىرچە بۇ يەردە، پەقەت خوتەندە ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىرقىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان ساپالدىن ياسالغان يەرلىك ئادەم باش - يۈزى ھەيكىلى (ئۇزۇنلۇقى 13 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 7.5 سانتىمېتىر، ئىچى كاۋاك بولۇپ، قېلىنلىقى 0.6 سانتىمېتىر) بىلەن جىنسىي ئورگىنى مەقسەتلىك ئالاھىدە ياسالغان يالىڭاچ ئايال ھەيكىلى (گەرچە پۈتۈن بولمىسىمۇ) ۋە قايىم بولغان زەكىرىنى قولىدا سىقىمداپ تۇرغان ھالەتتىكى مايمۇن ھەيكىلى ئۈستىدە ئاددىي قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

ھەممىگە مەلۇمكى، خوتەندە ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئىرقى - ئېتنىك مەنبەسى مەسىلىسى، يېقىنقى بىر - ئىككى يۈز يىل مابەينىدە ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىنسانشۇناس،



ئىرقشۇناسلارنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولۇپ كەلدى. گەرچە، بۇ ھەقتە ئاخىرقى خۇلاسە- يەكۈن چىقىرىلمىغان بولسىمۇ، بىر قەدەر ئومۇمىراق قاراش شۇكى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى II، IV ئەسىرلەرنىڭ ئالدى - كەينىدە، زور بىر بۆلەك ساك قوۋمى غەربتىن - شەرققە سۈرۈلۈپ، پامىر ئېتەكلىرىنى بويلاپ خوتەنگە قەدەر ئورۇنلىشىپ، بۇ يەردە ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. بۇ ھەقتە ھەرقايسى ئەللەردىكى تارىخىي خاتىرىلەردە قالدۇرۇلغان بىر قاتار ۋاستىلىك ئۇچۇرلاردىن باشقا، خوتەن رايونىدىن تېپىلغان ۋە تېپىلىۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما پاكىتلارمۇ يۇقىرىقى قاراشنى ئىسپاتلايدۇ. ①

ئىراندىكى دارىئوسنىڭ (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 521 - 486- يىللاردا ياشىغان) تۆھپىسى خاتىرىلەنگەن «بىخىستۇن مەڭگۈ تېشى»دا: «مەن رەھبەرلىك قىلغان بۇ دۆلەتتە، سوغدىيانىنىڭ قارشى تەرىپىدىن تاكى كۇسا (Kusa) گىچە، ھىندىستاندىن تارتىپ ساردىس (Sardis) گىچە ساكلارنىڭ ئۈچ چوڭ تارمىقى بار . . .» قاتارلىق بايانلار بار②.

«بىخىستۇن مەڭگۈ تېشى»دا تىلغا ئېلىنغان بىر بۆلەك ساكلار ماكانلاشقان «سوغدىيانىنىڭ قارشى تەرىپى»دىكى «كۇسا» بۈگۈنكى خوتەن رايونى بولۇشى مۇمكىنلىكى ھەقىقەتەن مەۋجۇت. چۈنكى، «بىخىستۇن مەڭگۈ تېشى»دا تىلغا ئېلىنغان «سوغدىيانە» بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە رايونىغا توغرا كېلىدۇ. بۈگۈنكى خوتەن ناھىيىسىنىڭ بوزاق يېزىسىدا «كۇسا» نامدىكى چوڭ بىر كەنت بولۇپ، ھازىرمۇ شۇنداق ئاتىلىدۇ. مەركۇز كەنت قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پايتەخت شەھىرى بولغان يوتقان قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، ئارىلىقى 2 - 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. خوتەن ناھىيىسى لوسالار يېزا ھالالباغ كەنتىگە جايلاشقان چىن ماچىن قەدىمىي شەھەر خارابىسى ئورنى مەزكۇر «كۇسا» كەنتىگە تېخىمۇ يېقىن

بولۇپ، ئارىسىدىن بىر يارداڭ بىلەن چوڭ تاشيوللار ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ مەمۇرىي خەرىتىسىگە قارايدىغان بولساق، خوتەن رايونى ھەقىقەتەن پەرغا رايونىنىڭ ئاساسەن شەرقىي تەرەپ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ.

كىتابىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسمىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، زامانىمىزدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى يېزىلىپ تولۇقى بىلەن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن دۇنياۋى نادىر ئەسەر «شاھنامە»دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندىمۇ، ھەقىقەتەن ئىرانلارنىڭ ئەينى زاماندىكى خوتەننى بېسىۋالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

دېمەك، بۇگۈنكى خوتەنلىكلەرنىڭ يىراق ئەجدادى قەدىمكى ساكلارغا بېرىپ تۇتىشىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پايتەخت شەھىرى ئورنى بولغان بۇگۈنكى يوتقان قەدىمىي شەھەر خارابىسىدە ئۇچرىتىلغان ساپالدىن ياسالغان شاپ بۇرۇت، قويۇق ساقاللىق، ئوراكۆز، قاڭشارلىق ئادەم باش يۈزى ھەيكىلى دەل بۇگۈنكى خوتەنلىكلەرنىڭ يىراق ئەجدادى بولغان ساك كىشىلىرىنىڭ ئېنىق ئوبرازىدۇر. مۇشۇنداق چىرايدىكى كىشىلەرنى بۇگۈنكى خوتەن يەرلىك كىشىلىرى ئارىسىدىن كۆپلەپ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

جىنسىي ئورگىنى مەقسەتلىك ئالاھىدە ياسالغان يالىڭاچ ئايال (گەرچە پۈتۈن بولمىسىمۇ) ھەيكىلى بىلەن قايىم بولغان زەكىرىنى قولىدا سىقىمداپ تۇرغان مايمۇن ھەيكىلىگە كەلسەك، گەرچە تېخى بىزگە ئۇچرىمىغان بولسىمۇ پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، قايىم بولغان زەكىرى مەقسەتلىك ئالاھىدە ياسالغان يالىڭاچ ئەركىشى ھەيكىلىمۇ بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك جىنسىي ئورگىنى مەقسەتلىك ئالاھىدە ياسالغان چىشى مايمۇن ھەيكىلىنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلىشقا تېخىمۇ بولىدۇ.

مەيلى ئادەمنىڭ ياكى ھايۋاننىڭ بولسۇن، جىنسىي تىۋ-



نىش، يەنى ئەۋلاد كۆپەيتىشكە رىغبەت بېرىش مەنىسىدىكى بۇنداق ئالاھىدە مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇملىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قەدىمىي ئىز - خارابىلەردىن ئانچە تېپىلغىنى يوق. ساپالدىن ئىشلەنگەن بۇ خىل ئالاھىدە بۇيۇملار بەلكى يېگانە بولۇشىمۇ مۇمكىن.

شىنجاڭ قۇتۇبى ناھىيىسى قىزىلتاشتىكى تاشقا چېكىلگەن جىنسىي تىۋىنىش رەسىملىرىنىڭ تېپىلىشى چوڭ بىر بايقاش بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەسلەپكى بېكىتىشىدە، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى مىڭ يىلنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىگە توغرا كېلىدىكەن. بۇ قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ئىجادچىسى ئەينى زاماندا مۇشۇ جايدا ياشىغان ساكلار ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان ④. چۈنكى قۇتۇبى ناھىيىسى قىزىل تاشتىكى چېكىلگەن قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنىدا ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئائىلىلىق ئۇرۇقداشلىقىغا تىۋىنىشتىن ئىبارەت مەزمۇن ناھايىتى روشەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئوبرازلارنىڭ كۆرۈنۈشىدە قەدىمىي ساكلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى بىرقەدەر ئېنىق گەۋدىلەنگەن ⑤.

قۇتۇبى ناھىيىسىدىكى قىيا تاش رەسىملىرى زامانىمىزدىن 3000 يىللار ئىلگىرى بۇ جايدا ياشىغان ساكلارغا تەۋە ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان ئەھۋالدا، يوتقان قەدىمىي شەھەر خارابىسىدە ئۇچرىتىلغان خوتەن قەدىمىي يەرلىك ئادىمىنىڭ باش يۈزى ھەيكىلى ۋە جىنسىي ئورگىنى مەقسەتلىك ئالاھىدە ياسالغان يالىڭاچ ئايال ھەيكىلى بىلەن، قايىم بولغان زەكىرىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان مايمۇن ھەيكىلىنىڭ دەۋرى گەرچە قۇتۇبى ناھىيىسى قىزىلتاشتىكى تاشقا چېكىلگەن جىنسىي تىۋىنىش مەزمۇنى قىلىنغان قىيا تاش رەسىملىرىدەك بولمىسىمۇ، لېكىن ئادەم بېشى - يۈزى ھەيكىلى ئوبرازىدىكى روشەن ئالاھىدىلىك، قۇتۇبى قىزىلتاشتىكى قىيا تاش رەسىملىرىدە ئەكس ئەتكەن مەزمۇن

بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

قىسقىسى، يوتقان قەدىمىي شەھەر خارابىسىدە ئۇچرىتىلغان ئاز بولمىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇملىرىنىڭ، ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ناھايىتى قەدىمىي مەۋجۇتلۇقىنى، بۇ ماكاندا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىنكى دىنىي ئېتىقادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ۋە ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئۆرپ - ئادەت، خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەش - تەتقىق قىلىشتا ھەقىقەتەن يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتى بولۇپ، ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى زاماندىكى مەدەنىيەت ساپاسىنى يورۇتىدىغان قايىل قىلارلىق پاكىتلاردۇر.

### ئىزاھلار

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1985 - يىل 1 - سان، 143 -، 144 - سان.

② «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمى ژۇرنىلى» 1996 - يىل 2 - سان، 81 - بەت.

③ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1997 - يىل 2 - سان، 83 - بەت.

④ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1990 - يىل 2 -، 3 - (قوشما) سان، 111 -، 112 - بەتلەر.

⑤ يۇقىرىقى ژۇرنال 109 -، 110 - بەتلەر.



# قۇم رابات قەدىمكى بۇتخانا خارابىسى

قۇم رابات قەدىمىي بۇتخانا خارابىسى قاراقاش ناھىيىسى زاۋا يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا تۇتاشقان قۇملۇقنىڭ تەخمىنەن 12 كىلومېتىر ئىچكىرىسىدە بولۇپ، ھازىر دۆۋە - دۆۋە قۇم بارخانلىرى ئوتتۇرىسىدا قالغان. بۇ جاينى يەرلىك كىشىلەر «قۇمات پاشئىيىم» (قۇمات پادشاھىم) دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى بىز دەۋاتقان قەدىمىي بۇتخانا خارابىسىنىڭ كەنتتىن 5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇم دۆۋىسىدە «قۇمات پاششىيىم» دەپ ئاتالغان بىر كىچىك مازار بولۇپ، ھازىرمۇ ھەم يەرلىك كىشىلەر تۇغ - ئەلەم قاداپ تۇلۇغلايدۇ.

خوتەن خەلقىدە ئەۋلادتىن، ئەۋلادقا كۆچۈرۈلۈپ ساقلانغان قەدىمكى كلاسسىك قول يازما «تۆت ئىمام زەبىھۇللا تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيە X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، قاراخانىيلارنىڭ ئىسلام قوشۇنى خوتەن بۇددىست خانلىقىغا ئىسلام يۈرۈشى قىلغاندا، ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ئىمام مۇھەممەد شاكىر مۇشۇ قۇملۇق ئارىسىدىن ئۆتىدىغان يولغا كەلگەندە، قۇم ئارىسىدا مۆكۈپ ياتقان خوتەن بۇددىست قوشۇنى تەرىپىدىن ئۇچۇقتۇرۇۋېلىنگەن. ئىسلام لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىپ، ئىمام مۇھەممەد شاكىر قاتارلىقلارنى مۇشۇ قۇمغا دەپنە قىلىپ، تۇغ - ئەلەم تىكلەپ تۇلۇغلىغان. ئەينى چاغدا خوتەنگە كىرىدىغان چوڭ يول مۇشۇ قۇملۇق ئىچىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، خوتەن دىيارىغا قەدەم باسقان غازاتچىلار بۇ يەرگە «قۇم رابات» (قۇملۇق ئۆ-

تەڭ ) دەپ ئات قويغان ① . بۈگۈنكى كۈندە «قۇم رابات»
بەرلىك خەلق تىلىدا «قۇمات» قا ئۆزگىرىپ ، ھېلىقى مازار
«قۇماق پاششىيم» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە .

قۇم رابات قەدىمىي بۇتخانىسى ئەينى ۋاقىتتا دىنى ئۆزگە-
رىش تۇپەيلىدىن چېقىۋېتىلگەنلىكى ئېنىق ، ئەمما ھازىرقى ھا-
لىتىدىن قارىغاندا ، بۇ خارابىنى قۇم بارخانلىرى ئوراپ تۇرىدۇ .
يەنە كېلىپ پۈتۈنلەي قۇم – توپا بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن . بەزى
چاغلاردا بوران چىقىش تۇپەيلىدىن ئېچىلىپ قالغان تاملار (ناھا-
يىتى ئاز بىر قىسمى ) دىكى رەڭلىك تام رەسىملىرى ۋە بۇ
جايدىن تېپىلغان ئاز بولمىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق-
لىرى بۇ بۇتخانىنىڭ ئۆز زامانىسىدا خوتەن بۇددىست خانلىقى-
نىڭ بۇتخانىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

1989 – يىلى 6 – ئايدا تەكلىماكاننى ئۇنىۋېرسال تەكشۈ-
رۈش ئەترىتىنىڭ ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسى قاراقاش ناھىيە-
سىنىڭ زاۋا يېزىسىدىكى خارابىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە بۇ
يەردىكى خارابىنىڭ ئىككى قىسمىدىن ، يەنى بۇددا ئىبادەتخانا
خارابىسى (شۇ ئەتراپتىكى ئۇيلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ۋە
ئۇنىڭ شەرقىي شىمال ، شەرق تەرىپىگە جايلاشقان ھەمدە بىر
چوڭ قۇم بارخانى ئىبادەتخانا خارابىسىنى ئايرىپ تۇرغان ئولتۇ-
راق ئۇيلەر خارابىسىدىن تەشكىل تاپىدىغانلىقىنى ؛ ئىبادەتخانا
خارابىسىنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان مىڭ بۇددا رەسىملىرىنىڭ
بايقالغانلىقى ، بىر قىسىم خارابىدىن ساپال قاچىلار ، تۆمۈر ،
مىس بۇيۇملار تېپىلغانلىقى ؛ ئولتۇراق ئۇيلەر خارابىسىدىن سا-
پال ، تۆمۈر ، مىس ، ئەينەك بۇيۇملار بىلەن خىش ، سىرلىق
ساپال ۋە پۇللار تېپىلغانلىقى ؛ زاۋا يېزىسىدىكى بۇ خارابىنىڭ
دەۋرى مىلادىيە Ⅵ ، Ⅹ ، ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ دەپ قاراي-



دىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەردى ② .

قۇم رابات قەدىمىي بۇتخانا خارابىسىنىڭ ھازىر بىزگە مە-
لۇم بولغان قىسمىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بۇتخانا ئورنىنى مەر-
كەز قىلغان 2000 مېتىر كېلىدىغان دائىرە ئەينى چاغدىكى
پائالىيەت رايونىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە بىزگە نامايان بولۇپ
تۇرماقتا .

قۇم رابات بۇتخانا خارابىسىدىن ھازىرغىچە تېپىلغان مەدە-
نىيەت يادىكارلىقلىرى ؛ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۇەن تۇڭباۋ مىس
يارمىقى ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مىس يارمىقى ، قاراخانىيلار سۇلا-
لىسىنىڭ مىس پۇلى ، جاقا – مىس پۇل ، تۆشۈكسىز جاقا –
مىس پۇل ، مېتالدىن ياسالغان ئوق باشىقى ، نەيزە بېشى ، مىس
يىڭنە ، مارجان ئەينەك بۇيۇم پارچىلىرى قاتارلىقلار ۋە بۇتخانا
ئورنىدىن تېپىلغان ئالتۇن ھەل بېرىلگەن چوڭ بۇتنىڭ پارچە-
سى ، مىستىن ياسالغان بۇدساتۋا ھەيكىلى ، ئىلۇپەر شەكىللىك
تەختتە ئولتۇرغان رەڭلىك بۇتلار ، پىل بېشى ھەيكىلى ، بۇتخا-
نىنىڭ ھەر خىل تام بېزەكلىرى ، ھەرخىل رەڭلىك ، نەقىشلىك
كاكىللار ۋە ساپال پارچىلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

يېقىندا يەنە 5 دانە پىلە غوزىسى تېپىلدى . بۇ خارابىدىن
تېپىلغان بۇيۇملار ئىچىدە پىل بېشى ھەيكىلىنىڭ كۆپلۈكى بىر
ئالاھىدىلىك ، بۇت ۋە بۇتخانا بېزەكلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك
ئاق گەجدىن تولىمۇ پىششىق ياسالغان .

بۇ خارابىدىن تېپىلغان مىس پۇللار ئىچىدە قوپال ، ئېپىز
سوقما پۇللار ئەڭ كۆپ . مىستىن ياسالغان بۇدساتۋا ھەيكىلى
ئالاھىدە بولۇپ ، باشقۇرۇش ئورنىمىزدا بىرىلا بار .

قۇم رابات بۇتخانا خارابىسىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادى-
كارلىقلىرىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا دەۋر ، مەزمۇن ئالا-

ھەددىلىكى بولسىمۇ، ھازىرچە بۇ يەردە پەقەت ئىككىلا يادىكارلىق ئۈستىدە توختىلىمىز:

1. ئالتۇن ھەل بېرىلگەن چوڭ بۇتنىڭ پارچىسى:

خوتەن رايونىدىن ھازىرغىچە بايقالغان قەدىمىي بۇتخانا، خارابە ـ ئىزلاردا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن چوڭ بۇت پارچىسىنىڭ تېپىلىشى تېخى ئۇنچە قېتىم بولسا كېرەك. راھىب فاشيەن مىلادىيە 410 ـ يىلى ئۇدۇنغا كەلگەندە يېزىپ قالدۇرغان «بۇددىست ئەللەر خاتىرىسى» دە: «بۇ شەھەرنىڭ غەربىدە 75 يول يىراقلىقتا «ۋاڭ شىن» ناملىق ئىبادەتخانا بولۇپ، قۇرۇلۇشى 80 يىل داۋام قىلىپ، ئۈچ پادشاھنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ئاندىن پۈتكەن. ئېگىزلىكى 25 غۇلاچ كېلىدۇ. ئويما خەت ۋە نەقىشلەرگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، ناھايىتى كۆپ قىممەتلىك بۇيۇملار بىلەن جاھازلاندۇرۇلغان، مۇنارنىڭ كەينىگە بۇتخانا سېلىنغان، ئۇنىڭ لىم ـ تۈۋرۈك، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، راھىبلار ئۈچۈن ئالاھىدە ئۆيلەر سېلىنغان؛ بۇ ئۆيلەر چىرايلىق ھەم ماختاشقا لايىق» دەپ يازغان ③.

تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىزگە مەلۇمكى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پايتەختى بۈگۈنكى خوتەن ناھىيىسىدىكى ياغچى بازىرى ئەللامە كەنتىدىكى «يوتقان» قەدىمىي شەھەر خارابىسى بولۇپ، ھازىر بىز تونۇشتۇرۇۋاتقان قۇم رابات قەدىمىي بۇتخانا خارابىسى يوتقان قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ غەرب تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ، ئارىلىقى 35 كىلومېتىر ئەتراپىدا. بۇ يۇقىرىقى تارىخىي خاتىرىدە قالدۇرۇلغان بايانلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇم رابات قەدىمىي بۇتخانا خارابىسىدىن تېپىلغان قىممەتلىك يادىكارلىقلار، بولۇپمۇ ئالتۇن ھەل بېرى-



لگەن چوڭ بۇت پارچىسى، قۇم رابات بۇتخانا خارابىسى «ۋاڭ شىن» ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىمۇ ئەمەسمۇ دېگەن ئويغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەنگلىيىلىك ۋ. روكشىل «لىيال (ئۇدۇن)نىڭ قەدىمكى زامان تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «لىيال دېگەندە كۆكنۇر، پامىر ۋە تەڭرى تاغلىرى ئوراپ تۇرغان رايوننى، بولۇپمۇ خوتەن رايونىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسىرىدە يەنە: «لىيال دۆلىتى قۇرۇلۇپ 165 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يىئولارنىڭ ئوغلى ۋىجاياسامبخاۋا تەخت ۋارىسى بولدى. ئۇ تەختكە چىقىپ 5 يىلدىن كېيىن بۇددا دىنى ئەڭ دەسلەپ لىيالغا تارقالدى... ۋىجاياسامبخاۋا زامانىدىكى تىشالا دەرىخى ئاستىغا كەلگەن ۋە شۇ جايدا ماكانلاشقان...»، «ۋىجاياسامبجاۋا غايەت زور زاما ئىبادەتخانىسى سالدۇردى»، «ساكيامۇنى ئالەمدىن ئۆتۈپ 1500 يىلدىن كېيىنكى لىيال خانى دىنغا ئىشەنمەيتتى، ئۇ راھىبلارغا زىيانكەشلىك قىلاتتى»، «لىيالدىكى دىنغا ئىشەنمەيدىغان ئەمەلدارلار راھىبلارنىڭ ئىلگىرى بۇددىست خانلار سېلىپ بەرگەن ئۆي ـ ۋاقىلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن راھىبلارنىڭ ھەممىسى زاما ئىبادەتخانىسىغا يىغىلىدۇ. بۇددا دىنى بۇ دۆلەتتە ئەڭ دەسلەپ مۇشۇ جايدىن تارقالغانىدى...» ④ قاتارلىق بايانلار بار.

بۇ بايانلاردىكى لىيال دۆلىتى خانى ۋىجاياسامبخاۋا سالدۇرغان «زاما» ئىبادەتخانىسى بىز بۇ ماقالىمىزدە توختىلىۋاتقان قۇم رابات قەدىمىي بۇتخانا خارابىسىمۇ قانداق دېگەن ئويغا ئۇندۇلىدۇ. چۈنكى قۇم رابات بۇتخانا خارابىسى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ «زاۋا» يېزىسى دائىرىسىدە بولۇپ، تارىختا يېزىپ قالدۇرۇلغان «زاما» ئاتالغۇسى بىلەن ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ.

ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «زاما» ئاتالغۇسى «زاۋا» غا ئۆزگەرگەن بولسا كېرەك. «ساكيامۇنى ئالەمدىن ئۆتۈپ 1500 يىلدىن كېيىن، لىيال خانى دىنغا ئىشەنمەيتتى، ئۇ راھىبلارغا زىيانكەشلىك قىلاتتى» دېگەن بايانغا كەلسەك، ئۇ قەدىمكى ئۇ-دۇننىڭ XI ئەسىرنىڭ بېشىدا بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا ئۆتكەن ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

2. قۇم رابات قەدىمىي بۇتخانىسىدىن تېپىلغان تۆشۈك-سىز، تېپىز سوقما مىس پۇل: بۇ خىلدىكى مىس پۇلنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ھەر خىل. قولىمىزدا بار بولغان بۇ خىل مىس پۇل ئاساسەن ئۈچ خىل بولۇپ، ئەڭ چوڭىنىڭ دىئامېتىرى 3.4 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ يۈزىدىكى دۈگىلەك دائىرە ئىچىگە «لائىلاھە ئىللاللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا» دېگەن خەت-لەر چۈشۈرۈلگەن. ئەتور يۈزىدىكى 7 بۇرجەكلىك شەكىل ئىچىدە-دىكى «سۇلايمان قادىر تافغاچ خاقان» دېگەن خەتلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. خاقانىيە (قاراخانىيلار) خانلىرىدىن ھېسابلان-غان سۇلايمان قادىر تافغاچ خاقان مىلادىيە 1032 ـ، 1056~1057 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان. قالغان ئىككى خىل پۇلنىڭ بىر خىلىنىڭ دىئامېتىرى 2.7 سانتىمېتىر، يەنە بىر خىلىنىڭ دىئامېتىرى 1.7 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن خەتلەر ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ قاراخانىيلار پۇللىرىدىن ئىكەنلىكىنى پەرق قىلغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا مەن ماتېرىياللار ئاساسىدا، قۇم رابات قەدىمىي بۇتخانا خارابىسى توغرىسىدىكى يۈزەكى قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. قۇم رابات بۇتخانا خارابىسىنىڭ تارىخىي خاتىرىلەردىكى «ۋاڭ شىن ئىبادەتخانىسى» ياكى «زاما ئىبادەتخانىسى» ئىكەن-لىكىنى، «ۋاڭ شىن ئىبادەتخانىسى» بىلەن «زاما ئىبادەتخانى-



سى» نىڭ بىر ئىبادەتخانا ئىكەنلىكىنى ياكى ئەمەسلىكىنى مۇ-قىملاشتۇرۇشتا چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئىزاھلار

① «تۆت ئىمام زەبىھۇللا تەزكىرىسى» خوتەن يېڭى نەش-رى، 22 ـ بەت.

② «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (خەنزۇچە) 1990 ـ يىل 4 ـ سان، 47 ـ، 53 ـ بەتلەر.

③ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (ئۇيغۇرچە) 1985 ـ يىل 1 ـ سان، 150 ـ بەت.

④ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (ئۇيغۇرچە) 1988 ـ يىل 2 ـ سان، 1 ـ، 5 ـ، 7 ـ بەتلەر.

# مىلىك ئاۋات قەدىمكى شەھىرى

مىلىك ئاۋات قەدىمكى شەھەر خارابىسى خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇرۇم تاغلىرىنىڭ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ ، خارابىنىڭ جايلىشىش ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 79° 50′ ، شىمالىي پاراللېل 35° 57′ قا توغرا كېلىدۇ . بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەسلى نامىنىڭ نېمە دەپ ئاتالغانلىقى ھازىرچە نامەلۇم . 1930 - يىللاردا بۇ يەردە بوز يەر ئاچقان مىلىك ئاخۇن دېگەن بىر كىشىنىڭ ئىسمى بويىچە كىشىلەر بۇ جاينى «مىلىك ئاۋات» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە .

شەھەر خارابىسى ئۇزۇنسىغا سوزۇلغان ، ئاساسەن تۈزلەڭ بىر جاي بولۇپ ، غەرب ، جەنۇب تەرەپلىرىنى قۇرۇم تاغلىرى ئوراپ تۇرىدۇ . شەرق تەرىپى يۇرۇڭقاش دەرياسىغا تۇتاش . شىمال تەرىپىدىكى بىر قىسىم يەرلەر يېقىنقى زامانلاردىن بېرى تۈزلەشتۈرۈلۈپ كەنتكە ئايلانغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، يۇقىرى تەرىپى پۈتۈنلەي شەھەر خارابىسىدىن ئىبارەت . خارابىلىقتا بىرقانچە ئېگىز توپا دۆڭلۈكلەر بار . يەر يۈزىدە نەپىس گۈيما نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن ساپال بۇيۇم پارچىلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ .

1979 - يىلى بۇ خارابىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى قېلىن توپا قاتلىمىدىن ئومۇمىي ئېغىرلىقى 45 كىلوگرام كېلىدىغان خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق «ۋۇجۇ» مىس پارماقلىرى تېپىلدى .

1979 - يىلى بۇ خارابە ئەتراپىدىن يوغان بىر قەبرە تېپىلىپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىن رەخت ، تۈرلۈك زىننەت بۇيۇملىرى چىققان . قەبرە يېنىدىن قەدىمكى مۇنار شەكىلدىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئىزىدىن باشقا ، يەنە سىرلىق ئۈچ ئېغىز ھۇجرا «گەمە»



تېپىلغان . مەزكۇر ھۇجرا ئۆيلەرنىڭ تېگىدىن ئىلاھ ھەيكەللىرى ، سىرلىق ھەيكەللەر ۋە ئۇلۇغ مۆئەككەللەرگە ئاتاپ ياسالغان قورچاق مەبۇدلارمۇ تېپىلغان ① .

1929 - يىلى ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى بۇ جايدا قېزىش ئېلىپ بېرىپ قالدۇرغان خاتىرىسىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا ، مىلىك ئاۋات قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئورنى توپا دۆمبەللىرى بىلەن تولغان بولۇپ ، بەزى جايلارنىڭ كۆل قاتلىمىدىن ، يەنە بەزى جايلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىدىن تۈرلۈك قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇملىرى ، ساپال بۇيۇملار ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان نەقىشلىك بۇيۇملار كۆپ تېپىلغان . بولۇپمۇ قۇم ئاستىدا يېرىم ئوچۇق قالغان بىر قەدىمىي مۇنار ئەتراپىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ دەۋرى ئۇزۇن ، مەدەنىيەت قاتلىمى مول بولۇپ ، خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى تەرىپىدىن «قەدىمكى تاش مۇنار» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن . مۇنار يېنىدىكى ئىمارەت ئورنىدىن تېپىلغان براھما يېزىقى ، نەپىس تام سۈرەتلىرى ۋە قىسمەن كۆلگە ئايلانغان سۆگەك جابدۇقلار ئۆز ۋاقتىدا چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىنى تولىمۇ قىزىقتۇرغان ② .

1958 - يىلىدىكى پولات - تۆمۈر تاۋلاش ھەرىكىتى جەريانىدا بۇ جايدىن كۆپلىگەن ھۇجرا ئۆيلەر تېپىلغان . بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىن ناتونۇش يېزىق ۋاراقلىرى ، راھىبلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلىرى تېپىلغان بولۇپ ، خۇاڭ ۋېنبىنىڭ خاتىرىسىدە يۇقىرىقى ھۇجرا ئۆيلەرنىڭ ئىبادەتخانا ئورنى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان .

ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بىر قاتار ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى ، ئۇچرىتىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى ۋە خارابىنىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتىگە ئاساسلانغاندا ، بۇ قەدىمكى شەھەرنى مىلادىيە 1 ئەسىرنىڭ ئالدىدا بەرپا قىلىنغان ، قەدىمكى خوتەندە بۇددا دىنى روناق تاپقان مەز-

كىللەردە تازا گۈللەنگەن ، مىلادىيە X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەن خوتەندە ئىسلام دىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن ۋەيران بولۇپ تاشلىنىپ كەتكەن ، دەپ قاراشقا بولىدۇ .

خۇاڭ ۋىنبى ئۆز خاتىرىسىدە مىلىك ئاۋات شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا (جەنۇبى پۈتۈنلەي تاغ) ئۇنىڭ بىر تارماق شەھىرىنىڭمۇ بولغانلىقى ، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى بەش يول كېلىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان ③ .

خوتەن بوستانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى گوسرىنگا (قۇرۇم) تېغىنىڭ قاراقاش دەرياسى كېسىپ ئۆتكەن غەربىي بېشىدا كوھمارىم غارى ، يۇرۇڭقاش دەرياسى كېسىپ ئۆتكەن شەرقىي بېشىدا مىلىك ئاۋات قەدىمكى شەھەر خارابىسى بار بولۇپ ، ئورنى ئاساسەن بىر - بىرىگە ئۇدۇل كېلىدۇ .

1892 - يىلى فرانسىيىلىك دې رىنس قاتارلىقلار خوتەنگە كېلىپ ، بەرلىك يېزا ئاھالىلىرى قولىدىن خەنزۇچە ، قارۇشتىچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن بىرمۇنچە مىتال پۇل ۋە «دارما پادا سوترا» نىڭ ئۈچ ۋارىقىنى ، پارچە يىرتىق ۋاراقلىرىدىن بىر قانچىسىنى سېتىۋالغان . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، بۇ بۇيۇملارمۇ كوھمارىم (گوسرىنگا) تېغىدا بىر ئىبادەتخانىنىڭ خارابىسىدىن چىققانىكەن . ئەگەر ئۇلارنىڭ قالغان قىسمى ھازىرغىچە بۇزۇلۇپ كەتمىگەن بولسىلا ئۇلار مەلۇم قەدىمىي خارابىدە ساقلىنىپ ياتقان بولۇشى مۇمكىن ④ .

خوتەن رايونىدا قەدىمكى قەبرە ۋە بۇددا خارابە ئىزلىرىدىن تېپىلغان بۇددا دىنىغا ئائىت سۈرەتلەر ئىچىدە «سەككىز ئەلنىڭ شاھلىرى شارىرا (جەسەت كۆل قۇتىسى) تەقسىم قىلىشىۋاتقان سۈرەت» خېلى كونكرېت مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭدا ساكيامۇنىنىڭ تاۋۇتى كوسناگارا شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگەن كۆلىنى بۆلۈشۈش ئۈچۈن چېگرىداش سەككىز ئەلنىڭ شاھلىرىنىڭ



كوسناگارا شەھىرىگە پىل ۋە ئاتلىق قوشۇن ، ھارۋىلىق ، پىيادە قوشۇن ئەۋەتكەنلىكى ، ئۇلارنىڭ تەلىپى رەت قىلىنغاچقا ئەسكەرلەر ئۆزئارا تىغ كۆتۈرۈشكەنلىكى ، بۇ چاغدا كوسناگارا شەھىرىدە تۇرۇنا ئىسىملىك بىر براھمان بولۇپ ، جەسەت كۆلىنى تەڭ تەقسىم قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى تەسۋىرلەنگەن ⑤ .

مۇشۇنداق چوڭ تارىخىي ۋەقە تەسۋىرلەنگەن قەدىمىي سۈرەت خوتەندىن تېپىلغان ، يەنە كېلىپ مىلىك ئاۋات قەدىمكى شەھەر خارابىسى باغرىغا ئېلىپ تۇرغان تاغنىڭ قەدىمكى نامى «گوسرىنگا» بىلەن ساكيامۇنىنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلۈپ ، جەسەت كۆلى تەقسىم قىلىنغان شەھەرنىڭ نامى «كوسناگارا»نىڭ قاپىيىداش ئىكەنلىكى تېخىمۇ قىزىقارلىق (ياكى جەلپ قىلارلىق) .

بۇددىزىم رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە ، ساكيامۇنى 80 ياشقا كىرگەندە كوسناگارا شەھىرىدە سالا دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئۆلگەن ⑥ . تىبەتچە تارىخىي ماتېرىيال «كاپگۇر»دىكى « ... ۋېچايا سامبىخاۋا زامادىكى تىسالا دەرىخى ئاستىغا كەلگەن ۋە مۇشۇ جايدا ماكانلىشىپ ، غايەت زور زاما ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرغان» قاتارلىق باياندىكى «زاما ئىبادەتخانىسى» بۈگۈنكى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسى دائىرىسىدىكى قۇم رابات قەدىمكى بۇتخانا خارابىسى بولۇپ ، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىيالدىكى «ۋاڭ شىن ئىبادەتخانىسى» ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدە مۆلچەرلەندى .

زاما ئىبادەتخانىسى سېلىنغان جايدىكى دەرەخ نامى «تىسالا» بىلەن ساكيامۇنى جان ئۈزگەن جايدىكى دەرەخ نامى «سالا» يەنىلا يېقىن قاپىيىداش . ساكيامۇنىنىڭ ئۆزىمۇ خوتەن دىيارى بىلەن قوشنا بولغان نېپالدا تۇغۇلغان .

قەدىمكى خوتەندە ساك قوۋمىنىڭ ياشىغانلىقى ھەممىگە

ئايان بولۇپ، بۈگۈنكى خوتەنلىكلەرنىڭ يىراق ئەجدادى ساكلارغا باغلىنىدۇ. يەنە ئالايلى «كاپگۇر» دا تىلغا ئېلىنغان «ساكيامۇنى هايات چېغىدا ئالىپلىرىنى باشلاپ لىيال (خوتەن)غا كەپتۇ. ساكيامۇنى شۇ چاغدا زېمىنغا شەپقەت نۇرىنى ياغدۇرۇپتۇ، شەپقەت نۇرىنىڭ كارامىتىدىن 363 دانە نىلۇپەر هاسىل بولۇپتۇ . . . شۇنىڭدىن كېيىن ساكيامۇنى گوسىرنگا تېغىنىڭ يېنىدىكى ئىبادەتخانىدا جانلىقلارغا بەخت تىلەپ يەتتە كۈن تۇرۇپتۇ. هازىرمۇ ئۇ يەردە كىچىك بىر بۇددا مۇنارى بار ئىكەن . . . بۇ چاغدا ئاناندا ساكيامۇنىدىن يۈز بەرگەن ۋەقەنى سوراپتۇ. ساكيامۇنى ئۇنىڭغا «. . . مېنىڭ كەينىمدىكى ئۇ كۆل قۇرۇپ، لىيال دەپ ئاتىلىدىغان زېمىنغا ئايلىنىدۇ. كەلگۈسىدە شەپقەت نۇرى ئۈچ قېتىم ئايلانغان جايغا بەش مۇنارىسى بار چوڭ شەھەر قۇرۇپ، نامىنى ‹ئۇدۇن›، دەپ ئاتاش كېرەك، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ». «بۇددا 80 ياشقا كىرگەندە، يەنى نىرۋاناغا يېتىشتىن ئاۋۋال لىيال (خوتەن)غا بارغانمىش» ⑦ قاتارلىق بايانلارنىڭ بەزىلىرى گەرچە رىۋايەت تۈسىدە بولسىمۇ، بۇلارنى يۇقىرىقى پاكىتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

بۈگۈنكى خوتەن دىيارىدىن قەدىمىي شەھەر خارابە ئىزلىرى، قەدىمكى ئىبادەتخانىلار، مۇنار ۋە مۇنار قالدۇقلىرى خېلى كۆپ تېپىلدى، خوتەندە ئېنىقلانغان هەرقايسى قەدىمكى بۇتخانا خارابىلىرىنىڭ هەممىسىدە نىلۇپەر گۈللۈك بېزەك، نىلۇپەر گۈللۈك شەكىل - نۇسخىلارنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ يەنە بىر ئالاھىدىلىك.

## ئىزاھلار

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1989 - يىل 3 - سان، 161 - ، 162 - بەتلەر.



② يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

③ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1989 - يىل 3 - سان، 162 - بەت.

④ يۇقىرىقى ژۇرنال، 1988 - يىل 3 - سان، 132 - بەت.

⑤ يۇقىرىقى ژۇرنال، 1988 - يىل، 2 - سان، 166 - بەت.

⑥ قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى هېكايىسى» ناملىق كىتاب، 25 - بەت.

⑦ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1988 - يىل 2 - سان، 1 - بەتتىكى ماقالىگە قارالسۇن.

# ئىمام مۇسا كازىم قەبرىستانلىقى

ئىمام مۇسا كازىم قەبرىستانلىقى خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 18 كىلومېتىر كېلىدىغان «بۇزاق» يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇتاش كەتكەن كەڭ سايلىقتا بولۇپ، بۇ سايىنىڭ شىمالىي تەرىپى كۆجۈم بوستانلىقىغا، جەنۇبىي تەرىپى كوئىنلۇن تاغلىرىغا، غەربىي تەرىپى قاراقاش دەرياسىغا، شەرق تەرىپى يۇرۇڭقاش دەرياسىغا تۇتىشىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ ئورنى مانا مۇشۇ سايىنىڭ بۇزاق يېزىسىغا تۇتاشقان شىمالىي قىسمىغا، شەرقىي مېرىدىئان 79°48′، شىمالىي پاراللېل 39°20′ قا توغرا كېلىدۇ.

قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىدىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر، جەنۇبىتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن يېرىم كىلومېتىر كېلىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ كەنتكە تۇتاش شىمالىي قىسمىدا دائىرىسى 40×60 مېتىر كېلىدىغان تۆت چاسا خانىقا (چوڭ مەسچىت) قورۇ تېمى، قورۇ تام ئىچىدە چوڭ خانىقا بار. خانىقانىڭ جەنۇبىي قورۇ تېمىنىڭ سىرتىدا قورۇق تام ئىچىگە ئېلىنغان ناھايىتى چوڭ بىر قەبرە بولۇپ، تاۋاپ ئۇقتىسى دەل مۇشۇ قەبرە. خوتەندىكى ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرى ئىمام مۇساكازىم مۇشۇ قەبرىگە دەپنە قىلىنغان، دېيىشىدۇ.

تارىختىن بىزگە مەلۇمكى، ئىمام مۇساكازىم خوتەنگە كەلمىگەن، بۇ زاتنىڭ دەپنەگاھىمۇ باشقا جايدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئېتىقاد ـ ئادەت تۈپەيلىدىن «ئۇلۇغ» دەپ ئاتالغان كىشىلەر نامىغا قەبرە تىكلەپ تاۋاپ قىلىش يۈزىسىدىن بۇ قەبرە ياسالغان بولسا كېرەك. ئەمما، ئىمام مۇساكازىم قەبرىسى ۋە مەزكۇر



خانىقا قاچان ياسالغان؟ زادى بۇ چوڭ قەبرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى قانداق؟ بۇ تەرەپلەر داۋاملىق ئىزدىنىش دائىرىمىزدە تۇرماقتا.

خوتەن خەلقى، جۈملىدىن ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرى «مۇقەددەس جاي» دەپ قەدىرلەپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ زاراتگاھلىقى قىلىپ كەلگەن بۇ جايدىن 1958 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە ياغاچتىن ياسالغان جەسەت ساندۇقى (گۆەدەي) غا سېلىنغان، كىيىم ـ كېچەك كىيدۈرۈلگەن ۋە بەزى ئاخىرەتلىك بۇيۇملارنى قوشۇپ دەپنە قىلىنغان جەسەتلەر كۆپ چىققان. مازار ئەھۋالىدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كىشىلەر گۆرلۈك كولاش جەريانىدا تاۋۇتقا سېلىنغان جەسەتلەرنى كۆپ ئۇچراتقان.

1984 ـ يىلى دەل ئىمام كازىم قەبرىسى يېنىدىن بايقالغان ۋە قۇتقۇزۇش مەقسىتىدە قېزىۋېلىنغان تاۋۇتقا سېلىنغان جەسەت ۋە ئاخىرەتلىك بۇيۇملار بىزنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى ئالاھىدە قوزغايدۇ. جەسەت ساندۇقى ھەشەمەتلىك ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتقى تۆت يان يۈزىگە ئەجدىھا، يولۋاس، تاشپاقا، سېرىق قۇشقاچنىڭ رەسىمى رەڭلىك سىزىپ چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ رەڭلىرى قېزىۋېلىنغانغا قەدەر پەقەت ئۆڭمىگەن. سىرىش تېخنىكىسى بىرقەدەر يۇقىرى، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولۇپ، تاۋۇت پۈتۈنلەي ياغاچ مىخ بىلەن مىخلىنىپ ياسالغان. جەسەتنىڭ چىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە، تاۋۇت ئىچىدىكى جەسەتنىڭ ئاستى، ئۈستى ۋە يان تەرەپلىرىگە ئاق پاراشوك (ھاك بولسا كېرەك)نى پەتكۈچە قويغان. جەسەتكە نەپىس يىپەك كىيىم ـ كېچەك كىيگۈزۈلگەن، جەسەتنىڭ چېچى پاكىز چۈشۈرۈلۈپ، ئۆرۈمە (قوڭۇر رەڭلىك) ئۇزۇن چېچى يېنىدا قويۇلغان، ئېڭىكى قوشۇلغان، پۇتى چېتىلغان. جەسەت 50 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ئەر كىشى بولۇپ، بىر پۈتۈن ھالدا قۇرۇپ قېتىپ قالغان ۋە ساق ساقلانغان. جەسەت يۈزىگە يېپىلغان ئاق

يىپەك يوپۇق ئىنتايىن نەپىس بولۇپ، كەڭلىكى 60 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 65 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يوپۇقنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۈستى بۇرجىكىدىن ئاستىغا تىك داۋاملاشتۇرۇپ 10 دانە خەنزۇچە خەت يېزىلغان بولۇپ، ھازىرمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ خەتلەرنى ئوقۇش ئاسان بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇنىغا بېرىلگەن تەبىر تېخىچە بىردەك ئەمەس. شەخسەن مەن «ھەممە ئادەم ئەل بولىدىغان، ئەر باش ۋەزىر «لى ۋاڭ ئېر» دېگەن تەرجىمە مەزمۇنىنى بىرقەدەر توغرا دەپ قارىدىم. خەنزۇچە خەتنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى بۇرجەككە يۇقىرىقى خەت بىلەن بىر تۈز سىزىق ئۈدۈل ھالدا يەنە بىر خىل يېزىق (بەلكىم ئەينى چاغدىكى خوتەن يەرلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېزىقى بولسا كېرەك) تا 5 دانە خەت يېزىلغان. بۇ خەتنى تېخى ئوقۇپ چۈشىنىشكە مۇۋەپپەق بولالمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خەت ئەسلىدە بىر ئاز ئۆڭۈپ كەتكەچكە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھازىر پەرق ئېتىشكە بولمايدىغان ھالەتكە يەتتى. بىز ئۇ خەتلەرنى تېزرەك ئوقۇپ، مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىشقا تەقەززامىز.

ئاخىرەتلىك يوپۇملاردىن يەنە جەسەت يېنىغا 23×23 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى يىپەك توقۇلما قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىنىڭ ئوڭ بۇرجىكىدە 23 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېنىق يېشىل رەڭلىك توقۇلما شوينىسى بار. شوينا مەزكۇر توقۇلمىنىڭ چۆرىسىگە تۇتۇلغان جىيەكلىكنىڭ (داۋامى) ئۆزىدىن چىقىرىلغان بولغاچقا، توقۇلمىغا تۇتۇلغان جىيەكلىكنىڭ داۋامى توقۇلمىنىڭ ئۈستى ئوڭ بۇرجەكتە يېقىنلاپ ئۇچرىشىپ تەبىئىي ھالدا ھالقا شەكىللىك (ئاسما) شوينا ھاسىل بولغان. شوينىنىڭ ئۇچ يېرىگە، سېرىق رەڭلىك يىپەك پۆپۈك ئورنىتىلغان. يىپەك توقۇلمىنىڭ شوينىسى چىقىرىلغان بۇرجىكىدىن ھېسابلىغاندا 13×13 سانتىمېتىر كېلىدىغان قىسمى سۆسۈن رەڭلىك قېلىن يىپەك توقۇلما رەختتە بولۇپ، قالغان قىسمىغا



نېپىز ئاق يىپەك رەخت ئۇلانغان. بۇ يىپەك توقۇلمىنىڭ سۆسۈن رەڭلىك قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بەئەينى كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ رەڭلىك رەسىمى كەشتە قىلىپ چۈشۈرۈلگەن. ئوت يالقۇنىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا، كىچىكىدىن باشلاپ بىر ـ بىرىنىڭ سىرتىغا تەبىئىي چۈشۈرۈلگەن 6 دانە چەمبىرەك چىقىرىلغان بولۇپ، بىرىنچى چەمبىرەك ئىچى ئاچ خورما رەڭدە، ئىككىنچى چەمبىرەك ئىچى ئاق رەڭدە، ئۈچىنچى چەمبىرەك ئىچى سۆسۈن رەڭدە، تۆتىنچى چەمبىرەك ئىچى سېرىق رەڭدە، بەشىنچى چەمبىرەك ئىچى سۇس ھاۋا رەڭدە، ئالتىنچى چەمبىرەك ئىچى ئاق رەڭدە. يىپەك توقۇلمىغا چۈشۈرۈلگەن ئوت يالقۇنى، ئوت يالقۇنى ئوتتۇرىسىدىكى ئالتە چەمبىرەك ۋە ھەر خىل رەڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئالدىغا مەلۇم سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولسا كېرەك.

مەزكۇر يىپەك توقۇلمىنىڭ سۆسۈن رەڭلىك قىسمى ئىككى قەۋەت قېلىن يىپەك توقۇلما رەخت بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ ـ تەتۈر يۈزى يوق. چۈنكى ئۇنىڭغا كەشتىلەنگەن رەڭلىك رەسىملەر ئىككى پارچە يىپەك رەختكە ئوخشاش چۈشۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ تەتۈر يۈزىنى بىر ـ بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇپ تىكىلگەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئىككىلا يۈزى ئوخشاش چىققان. باشتىكى سۆزىمىزدە بايان قىلىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، يىپەك توقۇلمىنىڭ شوينىسى ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ ئۈستى بۇرجىكىدە دېگەنىدۇق. ئەمما ئۇنىڭ ھەر ئىككى يۈزى ئوخشاش بولغاچقا، شوينىنى ئۇنىڭ سول تەرىپىنىڭ ئۈستى بۇرجىكىدە دېسەكمۇ بولىدۇ.

كىچىكرەك قولياغلىق شەكلىدىكى بۇ يىپەك توقۇلمىغا كەشتە قىلىپ چۈشۈرۈلگەن رەسىم شەكلى بۇددا دىنى رىۋايىتىدىكى چىنتامانى (سانسكرىتچە Cintaman، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرىدا چىنتامانى، خەنزۇچىدا [illegible] دېيىلىدۇ) گۆھىرىنىڭ سۈرىتىنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

شۇنىڭغا قارىغاندا، ئاسقىلى بولىدىغان شوينىسى بار بۇ توقۇلما
تۇمار ئورنىدا ئىشلىتىلسە كېرەك.

دېمەك، ئىمام مۇساكازىم قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان تا-
ۋۇتقا سېلىنغان جەسەتلەر بۇددا دىنى (قائىدىسى) بويىچە دەپنە
قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئېگىكنى قوشۇش، پۇتنى چېتىش
قاتارلىق خوتەندە ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دەپنە ئادەتلە-
رىمۇ بار.

ئىمام مۇساكازىم قەبرىستانلىقى ئىسلام دىنى خوتەنگە كىر-
گەندىن كېيىنكى قەبرىستانلىق بولماستىن، بەلكى بۇددا دىنى
خوتەندە ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلگە تەۋە قەبرىستانلىق بولۇپ،
ئۇنى ئىسلام دىنى خوتەنگە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئىسلام دىنى
قوبۇل قىلغان خەلق يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى قىلىپ
كەلگەنلىكى ئېنىق، ھەتتا ھازىرمۇ شۇنداق.

ئىمام مۇساكازىم قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنىپ بىز تەد-
قىق قىلىۋاتقان بۇ جەسەتنىڭ ئۈستىگە «ئەر باش ۋەزىر لى ۋاڭ
ئېر» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن يىپەك رەخت يېپىلغانلىقى
ياكى ئۇنىڭ «ۋەزىر لى ۋاڭ ئېر» بولۇشى ئېھتىمالى، جەسەت
يېنىدىكى رەڭلىك كەشتە چۈشۈرۈلگەن يىپەك توقۇلما قاتارلىق-
لار، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئۆز ۋاقتىدا خان، ۋەزىر، يۇقىرى
تەبىقە كىشىلىرى دەپنە قىلىنىدىغان قەبرىستانلىق ئىكەنلىكىدىن
بېشارەت بېرىدۇ.

تارىختىن بىزگە مەلۇمكى، بۇددا دىنى خوتەنگە مىلادىيەدىن
خېلى ئىلگىرى كىرگەن بولۇپ، خوتەندە مىڭ يىلدىن كۆپرەك
ھۆكۈم سۈرۈپ، مىلادىيە X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، XI
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىل-
غان. دېمەك، يۇقىرىقى جەسەتنىڭ ئەڭ كەم دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن
مىڭ يىل ئىلگىرى دەپنە قىلىنغانلىقى شەك - شۈبھىسىز.

جەسەت يۈزىگە يېپىلغان ئاق يىپەك يوپۇقتا يېزىل-



غان «... ۋەزىرلى ۋاڭ ئېر» دېگەن خەتلەرگە ئاساسەن، لى
ۋاڭ ئېرنىڭ ئۇدۇن خانى لى شىڭتيەن (ۋىسا سامبھاۋا، تەخمى-
نەن مىلادىيە 912 - 966 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

ئىمام مۇساكازىم قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان قەدىمكى جە-
سەتلەر ۋە بىرگە چىققان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئۈستىدە ئەتراپلىق
تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىزنى بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى
خوتەن زېمىنىدا ياشىغان خەلقنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئۆرپ -
ئادىتى، تىل - يېزىقى، مەدەنىيەت ساپاسى، ئىلگىرى - كېيىن-
كى دىنىي ئېتىقادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ھاكىمى-
يەت قۇرۇلمىسى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلىدۇ.

# ئاق سىپىل قەدىمكى شەھەر قەلئەسى

ئاق سىپىل قەدىمكى شەھەر قەلئە خارابىسى لوپ ناھىيەسىنىڭ ھاڭگۇيا يېزىسىغا تۇتاشقان شىمالىي قۇملۇقنىڭ 5 كىلومېتىر ئىچكىرىسىدە بولۇپ، لوپ ناھىيە بازىرىدىن 17 كىلومېتىر يىراقلىقتا.

«ئاق سىپىل» دېگەن ئاتالغۇ، بۇ جايدىكى يەرلىك خەلقنىڭ مۇشۇ خارابىگە قويغان نامى. چۈنكى، ھازىر بۇ خارابىدە ساقلىنىپ قالغان سېپىل تېمى ئەينى چاغدا خام كېسەكتىن سېلىنغان بولغاچقا، چەكسىز قۇملۇق ئىچىدە بۇ تام يىراقتىن ئاقۇچ كۆرۈنگەچكە، كىشىلەر ئاق سىپىل دەپ ئادەتلەنگەن بولسا كېرەك.

ئاق سىپىل قەدىمكى شەھەر قەلئە خارابىسى دېيىلىۋاتقان بۇ جايدا شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ياي شەكلىدە 105 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سېپىل تېمىلا ساقلىنىپ قالغان. ساقلىنىپ قالغان بۇ تامنىڭ ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر، قېلىنلىقى 1.8 مېتىر ئەتراپىدا. سېپىل تېمى ياسالغان كېسەكلەرنىڭ ھەممىسى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە بولۇپ، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس، بەزىلىرى 20×31 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 8 سانتىمېتىر، بەزىلىرى 32×50 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 12 سانتىمېتىر. ئالاھىدە ئەھۋال شۇكى، سېپىل تېمىغا ئىشلەتكەن ھەربىر كېسەكنىڭ بىر تەرەپ يۈزىگە ئۆز ۋاقتىدا كېسەكنى قويغاندا تىرناق ياكى تەمەچ ياغاچقا چېچىپ بەلگە سېلىپ قويغان. مۇناسىۋەتلىك كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ باھالىشى ئارقى-



لىق، بۇ بەلگىلەرنىڭ يېزىق ھەرپلىرى ئىكەنلىكى، كېسەكلەردىكى ھەرپلەرنىڭ 15 دانىسى قارۇشتى يېزىقى ھەرپلىرى، 2 دانىسى براخمان يېزىقى ھەرپلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى ①. قارۇشتى يېزىقى بىلەن براخمان يېزىقىنىڭ بۇ خىل شەكلى ھىندىستاننىڭ ماۋۇريا خانلىقى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 322 - يىللاردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 185 - يىللارغىچە) دەۋرىدە قوللىنىلغانلىقى تارىختىن بىزگە ئايان. بىراق، ئەينى چاغدا سېپىل تېمى ياسالغاندا كېسەكلەرنى تامغا قويۇشتا يېزىق بار تەرىپىنى دۈم قويۇپ ئورۇنلاشتۇرغاچقا، يېزىقلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتى يوق بولۇپ، قىسمەن ئاجراپ كەتكەن، سۇنۇپ پارچىلىنىپ كەتكەن كېسەكلەردىكى ھەرپلەرنىڭ مۇناسىۋىتى، يەنى سۆز - جۈملە بولۇپ شەكىللىنىش تەرتىپىنى ھازىرچە ئېنىقلاشقا بولمايدۇ.

ھازىرقى ئەھۋالدا بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ يەر ئۈستىنى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى شامال - بوران يالاپ ئۇچۇرتۇپ كەتكەن بولغاچقا، ساقلىنىپ قالغان سېپىل تېمى ئاستى، ئەسلى يەر يۈزىدىن 3 - 4 مېتىر تۆۋەنلەپ كەتكەن. شۇڭا، سېپىل ئىچى دەپ قارالغان شەھەر ئورنىدىن ئۆي - ئىمارەت قالدۇقى قالمىغان. بىراق، ساقلىنىپ قالغان قەدىمىي شەھەر قەلئە سېپىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئەتراپتىكى 100 كۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن جايدىكى (بولۇپمۇ قالدۇق سېپىل تېمىنىڭ غەربىدىكى) قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا، ئەينى چاغدا شەھەرنى مەركەز قىلىپ ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتىي پائالىيەت ئىز - نىشانلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.

ئاق سىپىل قەدىمىي شەھەر قەلئە خارابىسىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قارۇشتىچە - خەنزۇچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن ئات سۈرەتلىك، تۆگە سۈرەتلىك مىس پۇلى، ساپالدىن ناھايىتى كۆركەم ياسالغان ئات ھەيكىلى، شەرقىي خەن دەۋرىگە تەئەللۇق

«ۋۇجۇ» مىس پۇل ، كۆسەن كىچىك مىس پۇلى ، ئوقيا ئوقى
باشىقى ، كەمەرنىڭ مىس توقىسى ، مىس بىلەزۈك ، مىستىن
ياسالغان ھالقا ـ مۇنچاق ، مىس ۋە ئەينەكتىن ياسالغان تۇرلۇك
زىننەت بۇيۇم پارچىلىرى ، ھەر خىل رەڭدار مارجان ، ساپال
ئۇرچۇق ، تۇرلۇك ساپال بۇيۇم پارچىلىرى ، ناھايىتى ئوخشى-
تىپ ياسالغان ساپالدىن پىلە قۇرتى (ھەيكىلى) قاتارلىق مەدە-
نىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى يىغىۋېلىندى .

ئەنگلىيىلىك ۋ . روكشىلىنىڭ «لىيال (ئۇدۇن)نىڭ قەدى-
كى زامان تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە ، تىبەتچە تارىخىي ماتېرىيال
«كاپگۇر» دىكى قەدىمكى خوتەنگە ئالاقىدار بايانلاردىن تۆۋەندى-
كىلەر ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان : « . . . قۇستانە بىر تۇمەن
ئائىلىق كىشىنى باشلاپ يۇرتىنى (ماكانلىشىپ خانلىق قۇرۇشقا
لايىق جاينى) ئىزدەش ئۈچۈن غەربكە ئاتلىنىپ لىيال (ئۇدۇن)
دىكى ئۇمىسكار دېگەن جايغا كېلىدۇ . ئۇ چاغدا ھىندىستاندا
ئاسۇكاخاننىڭ ۋەزىرى ياساسىنىڭ جەمەتلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى
ئەدەپ كەتكەنىدى . بۇ ئىش خاننى غەزەپلەندۇردى . شۇڭا ياساس
7 مىڭ ئادەمنى باشلاپ ئۆز يۇرتىنى (ماكانلىشىشقا قولاي جاي)
ئىزدەش ئۈچۈن شەرققە قاراپ ئاتلىنىپ ئاخىر ئۇدۇن دەرياسى-
نىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دالىغا يېتىپ كېلىدۇ . . . شۇنىڭ بى-
لەن قۇستانە قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ ئۇدۇن دەرياسىنىڭ
جەنۇبىدىكى ھاڭگويا دېگەن جايدا ياساس بىلەن كۆرۈشىدۇ . .
. قۇستانەخان ، ياساس ۋەزىر بولىدۇ . . . . شۇنىڭدىن كېيىن
ئۇلار بىر قەلئە سالىدۇ .»②

يۇقىرىقى تارىخىي ماتېرىيالدا تىلغا ئېلىنغان «ھاڭگويا»
دېگەن جاي ، بۇ ماقالىمىزدە تونۇشتۇرۇۋاتقان ئاق سېپىل قەدى-
مىي شەھەر قەلئە خارابىسى جايلاشقان بۇگۇنكى لوپ ناھىيە
ھاڭگويا يېزىسىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ ، ھازىرمۇ ھەم شۇ نامدا
ئاتىلىدۇ . پەرەز قىلىشقا بولىدىكى ، قۇستانە ، ياساس قاتارلىق-



لار خوتەندە ئورۇنلىشىپ ھاكىمىيەت ئورناتقاندا سالدۇرغان
شەھەر سېپىلى ، بۇگۇنكى ئاق سېپىل قەدىمكى شەھەر قەلئە
خارابىسى بولۇشى مۇمكىن . بىراق ، قوستانە ، ياساس قاتارلىق-
لار خوتەندە ماكانلىشىپ ئورناتقان بۇ ھاكىمىيەت ۋە سېپىللىق
شەھەر ، قەدىمكى خوتەندە «تۇنجى ھاكىمىيەت» ، «تۇنجى شە-
ھەر» ئەمەس ئەلۋەتتە .

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى Ⅳ ، ئەسىرلەردە قەدىمكى خوتەن ئا-
ھالىلىرىنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىغا ، ئاۋات شەھەرلەرگە ئې-
گە ئىكەنلىكىنى تارىخىي ماتېرىياللار (بولۇپمۇ «شاھنامە»)
ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ .

دۆلىتىمىزدىكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن ئالساق ، ئەمىنى-
يە - يېغىلىق دەۋرىدە يېزىلغان «موتيەنزى تەزكىرىسى» دە ،
« . . . پەغپۇر مەينى ئىچىپ يولغا چىقىپتۇ . كوئىنلۇننىڭ
باغرىدا ، چىشۇينىڭ جەنۇبىدا قونۇپتۇ . . . جوزىدا ئارام ئاپتۇ ،
ئېقىنىدا بېلىق تۇتۇپتۇ . . . جوزىدىكى كىشىلەر ئاق قاشتېشى
تەقدىم قىلىپتۇ» قاتارلىق بايانلار بار ③ . گەرچە بۇ بايانلار
رىۋايەت تۇسىدە بولسىمۇ ، قەدىمكى خوتەننىڭ جۇغراپىيىۋى جاي-
لىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن ماس بولۇپ ، قەدىمدىن تاكى ھازىر-
غىچە خوتەن كوئىنلۇن باغرىدىكى ھەممە ئېتىراپ قىلغان داڭ-
لىق قاشتېشى ماكانى بولۇپ كەلدى . «جۇنامە . يات ئەللەر
تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن «جىشۇ» دەرياسىنىڭ بۇگۇنكى
ئارىم دەرياسى ئىكەنلىكى ئالدىنقى مۇناسىۋەتلىك ماۋزۇدا مۇئەي-
يەنلەشكەنىدى . «موتيەنزى تەزكىرىسى»دىكى «چىشۇي» بىلەن
«جۇنامە . يات ئەللەر تەزكىرىسى» دىكى «جىشۇ» ئاتالغۇسى
بىر خىل پەرقلىق بولسىمۇ ، بۇ ئىككى ئاتالغۇ ئوتتۇرىسىدىكى
پەرق ، قەدىمكى ئاتالغۇلارنى كېيىنكى زاماندىكى تىل - يېزىق
بىلەن تەلەپپۇز قىلىپ ئاتاپ يېزىشتىن كېلىپ چىققان پەرقمۇ-
كىن ئەمەسمۇ ئىزدىنىشكە تېگىشلىك . يەنە كېلىپ يۇقىرىقى خەنزۇ-

چە ئىككى تارىخىي خاتىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى دەۋر ئارىلىقى ناھايىتى ئۇزۇن بولغاچقا، بىرەر ئورۇننىڭ نام ـ ئاتالغۇسىدا قىسمەن پەرقلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلىشىدىن قارىغاندا، «پەغپۇر» نىڭ غەربكە بارغان ۋاقتى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى X ئەسىر ئىكەن ④. ئۇ چاغلاردا تارىم دەرياسى ۋادىسى تۇتاش كەتكەن بوستانلىق ئىدى.

1976 ـ يىلى خېنەننىڭ ئەنياڭ شەھىرىدىن شاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بىر ئايالنىڭ قەبرىسىدىن 750 پارچىدىن ئارتۇق قاشتېشى بۇيۇمى تېپىلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ھەممىسى شىنجاڭ خوتەن قاشتېشى ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن⑤.

دېمەك، مىلادىيەدىن XII ئەسىر بۇرۇنلا قەدىمىي خوتەن كىشىلىرى بىلەن خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى كىشىلىرى سودا ـ ئالاقىدە بولغان. شۇڭا، قەدىمكى خوتەن دىيارىدىكى ئەجدادلارنىڭ تۇنجى ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى ۋە تۇنجى شەھەرلىرىنى مىلادىيەدىن مىڭ يىللار ئىلگىرىكى زامانلاردىن سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

خوتەن دىيارىغا تەبىئەت ئاتا قىلغان ئەسلى يارالمىش يەر تۈزۈلۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قەدىمكى خوتەن ئاھالىلىرى شىمالدىكى ئەسلى ماكانلىرى (بۈگۈنكى خوتەن رايونىنىڭ شىمالىدىكى بىپايان قۇملۇق، يەنى تەكلىماكان)دىن دەريا ـ ئېقىن بىشى جەنۇب تەرەپكە كۆپ قېتىم كۆچكەن. مانا ھازىرقى ئاھالىلەرنىڭ جەنۇب تەرەپ كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ باغرىغا قاپسىلىپ ئولتۇراقلىشىپ ياشاۋاتقانلىقى ئەمەلىيەت.

دېمەك، ئاق سىپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ بەرپا قىلىنغان ۋاقتى، قەدىمكى خوتەن ئاھالىلىرىنىڭ يىراق تارىختىكى كۆپ قېتىم جەنۇبقا قاراپ كۆچۈپ ماكانلىشىشىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كەلسە كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە ئاق سىپىل قەدىمىي شەھەر قەلئە خارابىسىنىڭ ھازىرقى ئاھالىلەر ئولتۇراق جايلىرىغا يېقىن (5 كىلومېتىرچە) بولۇشى، بۇنىڭدىن بېشارەت بېرىدۇ.

قىسقىسى، ئاق سىپىل قەدىمىي شەھەر قەلئە خارابىسى ئۈستىدە يەنىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە، بولۇپمۇ، قەدىمىي شەھەر قەلئە خارابىسىنى مەركەز قىلغان ئەتراپتىكى قەدىمىي ئاھالىلەر رايونى خارابىسىنى ئەستايىل، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئىزاھلار

① «بۇلاق» ژۇرنىلى 1984 ـ يىل ئومۇمىي 11 ـ سان 206 ـ بەت.

② «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1988 ـ يىل 2 ـ سان، 4 ـ بەت.

③ لى يىنپىڭ: «بۇددا ئىلى ئۇدۇن» كىتابى 1995 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 55 ـ، 56 ـ بەتلەر.

④ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

⑤ «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» ژۇرنىلى 1983 ـ يىل 1 ـ، 2 ـ (قوشما) سان، 82 ـ، 83 ـ بەتلەر.

# راۋاق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى

راۋاق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى — لوپ ناھىيە جىيا يېزىسىنىڭ شىمالىغا، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، بوستانلىق بىلەن بولغان ئارىلىقى 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. ھازىر بارخان دۆۋىلىرى يەنى ئېگىز بارخان قۇم دۆۋىلىرى بۇ خارابىنى ئوراپ تۇرىدۇ.

«راۋاق» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «ئۈستىگە چىققىلى بولىدىغان قىلىپ ياسالغان مۇنار» ياكى «ئەتراپىنى كۆزەتكىلى مەخسۇس ياسالغان ئېگىز ئىمارەت» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. مۇشۇ چۈشەنچىگە ئاساسلانغاندا، بۇ خارابىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمى، يەرلىك خەلقنىڭ بۇ خارابىگە قويغان نام — ئاتالغۇسىغا ئاساسەن مۇۋاپىق. چۈنكى، راۋاق قەدىمكى بۇتخانىسى ئۆز زامانىسىدا ھەيۋەتلىك ئېگىز مۇنار بولغان چوڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە بۇتخانا ئۆيلىرى ۋە باشقا ئەسلىھەلىرى ئاساسەن تۈگەپ خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەن، پەقەت ئېگىز مۇنار ۋە بۇ ئىبادەتخانىنىڭ تۆت ئەتراپىغا سېلىنغان قورشاۋ ھويلا تامنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ساقلىنىپ قالغان.

راۋاق قەدىمىي بۇتخانا خارابىسى، خوتەن رايونىدا ھازىرغا قەدەر بايقالغان قەدىمكى بۇتخانا ئىزلىرى ئىچىدە بىرقەدەر ياخشىراق ساقلانغان ئورۇن بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا. ھازىرمۇ ئاساسەن ساق تۇرۇۋاتقان مۇنارنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8 مېتىر كېلىدۇ. مۇنار سۇپىسىنىڭ تۆۋەن قەۋىتى قوشۇش (+) شەكلىدە، ئىككىنچى قەۋىتى چاسا شەكلىدە، ئۈچىنچى قەۋەت گەۋدە قىسمى سىلىندىر شەك-



لىدە ئېگىزلىگەن. بۇددا بىناكارلىق ئەنئەنىسىدىن قارىغاندا، سىلىندىر ئۈستىدە بارغانسېرى كىچىكلەپ ئۈچلىنىپ ئېگىزلىگەن قۇرۇلمىسى بولۇشى مۇمكىن. مۇنار سۇپىسىنىڭ ئومۇمىي دىئامېتىرى 9.6 مېتىر بولۇپ، سۇپىدىن تەكشى يىراقلىقتا تۆت ئەتراپىغا چوڭ ھويلا قورشاۋ تام سېلىنغان. تامنىڭ شەرقتىن — غەربكە ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر. شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 45 مېتىر. تامنىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى 2 مېتىر بولۇپ، تام ئەلڭ ئۈستى يۈزى كەڭلىكى 70 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ھويلا قورشاۋ تامنىڭ شىمال، جەنۇب، غەرب تەرەپلىرى ئاساسەن ساق. شەرق تەرەپ تامنىڭ ئوتتۇرىسى (4 مېتىرچە) بۇزۇلۇپ تۈگىگەن. بەلكىم بۇ جاي بۇتخانىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئورنى بولسا كېرەك. بۇ تەرەپ تامنىڭ قالغان قىسىملىرىمۇ ئاساسەن يىقىلىپ كەتكەن. راۋاق قەدىمكى بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىنى بىز تەكشۈرگەن (1985 — يىلى 10 — ئايدىكى) ئەھۋالدا، ھويلا قورشاۋ تامنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپى پۈتۈنلەي قۇم ئاستىدا (بولۇپمۇ تام سىرتى يۈزى) ئىكەن. غەربىي شىمال تەرىپىنى يېرىم قۇم باسقان. شەرق تەرىپىنى قۇم باسمىغان بولسىمۇ، باشتا دېگىنىمىزدەك بۇ تەرەپ تام يىقىلىپ كەتكەن.

راۋاق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى — مۇنارنى مەركەز قىلغان چاسا شەكىللىك ھويلا بولۇپ، مۇنار ۋە ھويلا قورشاۋ تامدىن ئىبارەت. مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپىدىكى كۆزىتىدىغان بولساق، مۇنار ئۆلىنىڭ تۆت تەرىپىدە ۋەلەمپەي بارلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

بۇ خارابىدىكى ھويلا قورشاۋ تام خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ھەربىر تال كېسەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 35 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تام ۋە مۇنارغا ئىشلىتىلگەن كېسەكلەر قېلىپ بىلەن قۇيۇلغان. يىقىنقى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، كېسەك-

لەرنىڭ سىلىق يۈزىدە تىرناق ياكى باشقا نەرسە بىلەن (كېسەك قويۇلغان ھۆل چېغىدا) چىجىپ يېزىلغان يېزىق ھەرپ - بەلگىلىرى بارلىقى ئىسپاتلاندى ①.

بۇ خارابىدىكى ھويلا قورشاۋ تامنىڭ ئىچى - سىرتى ھەر ئىككى يۈزى چوڭ - كىچىك بۇت ھەيكەللىرى، رەڭلىك تام سۈرەتلىرى بىلەن توشقۇزۇلغان بولۇپ، چوڭ بۇت ھەيكەللىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ گەۋدىسى چېچىلىپ تاشلىنىپ بەل ئاستى قىسمىلا قالغان. جەنۇبىي تامنىڭ شەرققە سوزۇلغان باش تەرەپ قىسمىدا قوم كۆمۈپ تۇرغان (چېچىپ تاشلانغان چوڭ بىر بۇت ھەيكىلىنىڭ ئىككى يېنى تۆۋەن تەرىپىدە) 6 دىن جەمئىي 12 دانە تىزلىنغۇچى كىچىك بۇت ھەيكىلىنىڭ تامغا چاپلانغان پېتى ساق تۇرغانلىقىنى كۆردۇق، جۈملىدىن سۈرەتكە ئالدۇق. تامدىكى مۇۋاپىق ئارىلىق بويىچە ئورۇنلاشقان چوڭ - كىچىك بۇت ھەيكەللىرى ۋە ئۇلار ئارىسىغا كىرىشتۈرۈپ سىزىلغان تام سۈرەتلىرى تۆت تەرەپ تامنىڭ ھەممىسىدە بارلىقىنى، تامنىڭ كۆرگىلى بولىدىغان جايلىرى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ (مەسىلەن: غەربىي تامنىڭ ئوتتۇرا قىسمى سىرتقى يۈزىدە، يېڭى تار ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن، چېچىنى تۈرۈۋالغان بىر ئايالنىڭ قولىدا پىيالىدەك قاچا تۇتقان، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر كىشىنىڭ قولىدا چەينەكتەك بىر نەرسە تۇتۇپ تۇرغان رەڭلىك سۈرەت ئېنىق كۆرۈنىدۇ. بۇ، پەقەت بىرلا جايدىكى كىچىككىنە مىسال، ئەلۋەتتە). غەربىي تام سىرتىنىڭ تام بويلاپ 4 مېتىر كەڭلىكتە خېلى كۆپ بۇتخانا ئۆيلىرىنىڭ تام قالدۇق ئىزى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق تام قالدۇق ئىزى، ئالدى تەرەپ تاملارنىڭ سىرتىنى كۆرگىلى بولىدىغان جايلىرىدىمۇ باردەك قىلىدۇ. ئەينى چاغدا بۇتخانا ئۆيلىرى، ھويلا قورشاۋ تامنىڭ دەرۋازىسىدىن باشقا قىسمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا كېرەك.

بۇنىڭدىن ئايانكى، ئېگىز مۇنارى بولغان بۇ بۇددا ئىبادە-



خانىسىنىڭ بۇتخانا ئۆيلىرى ۋە باشقا ئەسلىھەلىرى مىلادىيە X ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XI ئەسىرنىڭ بېشىدىكى خوتەننى ئىسلاملاشتۇرۇش جېڭىدە چېقىپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن، ھويلا قورشاۋ تامدىكى قاتار كەتكەن ئادەم قامەتلىك كۆپلىگەن چوڭ بۇت ھەيكەللىرىنىڭ چېچىپ تاشلىنىشىمۇ شۇنداق.

راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسى ئۆز ۋاقتىدا خام كېسەك بىلەن سېغىز لايدىن ياسالغان بولغاچقا، بۈگۈنكى كۈندە بۇ جايدا ساقلىنىپ قالغان بۇتخانىنىڭ كونكرېت نەرسىلىرى كۆپ ئەمەس. بىز بۇخارابە ئورنىدىن بۇت ھەيكەللىرى، بۇتخانىنىڭ قىسمەن بېزەك پارچىلىرى، خەن دەۋرىگە تەئەللۇق «ۋۇجۇ» مىس پۇل، كەپتەرنىڭ كىچىك ھەيكىلى، ھەر خىل مارجان قىسمەن ساپال بۇيۇم پارچىلىرىنى ئۇچرىتىپ يىغىۋالدۇق.

باشتا بايان قىلغىنىمىزدەك، راۋاق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى جەنۇبىي قورشاۋ تام شەرقىي بېشىدا تام سىرتىغا چاپلىنىپ ئورۇنلاشقان چوڭ بىر دانە بۇت ھەيكىلى (چېچىپ تاشلانغان) نىڭ ئىككى يېنى تۆۋەندىكى تىزلىنغۇچى كىچىك بۇتلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش يۈزىسىدىن ئاجرىتىپ ئالغاندا (مەن نەق مەيداندا بار ئىدىم) بىر بۇت ھەيكىلىنىڭ ئارقا تەرەپ تامغا چاپلانغان لاي ئارىسىدىن بىر دانە مىس پۇل ئۇچراتتۇق. مەزكۇر مىس پۇلنىڭ دىئامېتىرى 2.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى بىر مىللىمېتىر، ئوتتۇرىدىكى تۆشۈكى تۆت چاسا بولۇپ، دىئامېتىرى بىر سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ مىس پۇل داتلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ ساق بولۇپ، خەن دەۋرىگە تەۋە «ۋۇجۇ» مىس پۇلى ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

ئارخېئولوگ ستەيىنمۇ 1901 - يىلى، 1906 - يىلى ئىككى قېتىم راۋاق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بېرىپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرى توغرىسىدا مۇھىم خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. ئېلىمىز ئارخېئولو-

گى خۇالڭ ۋېنبى 1929 - يىلى بۇ خارابىگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغان .

راۋاق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى توغرىسىدا ستەيىن ۋە خۇالڭ ۋېنبىلەرنىڭ يېزىپ قالدۇرغان مەلۇماتلىرى ② بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلغان بىر قاتار ئەمەلىي ئەھۋاللارنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا ، راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىمارەت قۇرۇلمىسىدا قەندىھار مەدەنىيىتى تەسىرىنىڭ بارلىقىنى ، دەۋر جەھەتتىن خوتەنگە بۇددا دىنى كىرگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە بىنا قىلىنغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ . شۇڭا ئۇنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى I ئەسىرلەردىن ئىلگىرى ياسالغان ياكى كېيىنرەك ياسالغان دەپ قاراش مۇۋاپىق .

ئىزاھلار

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1994 - يىل 3 - ، 4 - قوشما سان ، 139 - بەت .
② يۇقىرىقى ماتېرىيال 136 - ، 137 - بەتلەر .



# سانپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقى

سانپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقى — لوپ ناھىيىسىنىڭ سانپۇلا يېزىسىغا تۇتاش جەنۇبىي سايلىقتا بولۇپ ، ناھىيە بازىرىدىن 11 كىلومېتىر يىراقلىقتا . جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 80°7′31″ ، شىمالىي پاراللېل 36°59′53″ قا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ دائىرىسى شەرقتىن - غەربكە تەخمىنەن 4 - 5 كىلومېتىر ، شىمالدىن جەنۇبقا بىر كىلومېتىر ئەتراپىدا . يەر ئۈستى قىسمەن شېغىل ئارىلاش سېرىق توپا بىلەن قۇملۇق . ھازىر يەر يۈزىدە ھېچقانداق قەبرە بەلگىسى يوق .

1983 - يىلى يەرلىك كىشىلەر سانپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقى جايلاشقان سايدا كەلكۈن سۈيىنى باشلاپ لاي ئېقىتقاندا ، بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىق ئاشكارىلىنىپ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇھاپىزەت قىلىنغان . قەبرىستانلىقنىڭ 18 كىلومېتىر غەربىدە يۇرۇڭقاش دەرياسى ، 10 كىلومېتىر جەنۇبىدا ئاچچىق (كوئېنلۇن) تېغى بار . 1984 - يىلدىن ھازىرغىچە بۇ قەبرىستانلىقتا 4 قېتىم مەخسۇس ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلدى . قېزىلغان قەبرىلەردىن قارىغاندا ، قەبرە تۈزۈلۈشى : (1) تىك تۆت چاسا شەكىللىك جۈملىدىن قەبرىگە كىرىش يولى بار قەبرىلەر (ئۆيگە ئوخشاش ياساپ كۆپ كىشىنى دەپنە قىلىش) ؛ (2) تىك ئۇزۇنچاق - چاسا قەبرىلەر (تىك كولىنىپ ئىچىگە تاۋۇت قويۇپ ئۈستىنى ياپما قىلىپ كۆمۈش) ؛ (3) يالغۇز كىشىلىك قەبرىلەر (غۇلاق ، نو ، شاخ - شۇمبا ، يېكەن ، قومۇش قاتارلىقلاردا جەسەتنى ئوراپ ياكى باسۇرۇپ ۋە ياكى ئىچىگە تىقىپ يالغۇز - يالغۇزدىن كۆمۈش) قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ .

دەپنە قىلىش يوسۇنى جەھەتتە : كۆپ كىشىنى بىر قەبرىگە دەپنە قىلىش ، ئەر - خوتۇننى بىللە دەپنە قىلىش ، ئانا - بالىنى بىللە دەپنە قىلىش ، چوڭلار ۋە كىچىكلەرنى ئايرىم دەپنە قىلىش . ئىككى كىچىك بالىنى بىللە دەپنە قىلىش قاتارلىقلار ئۇچرايدۇ . مەسىلەن : 1984 - يىلىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا بايقالغان كۆپ كىشى دەپنە قىلىنغان M41 نومۇرلۇق قەبرىگە 133 جەسەت ، M02 نومۇرلۇق قەبرىگە 146 جەسەت قويۇلغان ① . ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ، قېزىش قىلىپ تەكشۈرۈلگەن قەبرىلەر ، ئىلگىرى يەرلىك كىشىلەرنىڭ قەبرە ياغاچلىرىنى ئېلىپ ئىشلىتىشى سەۋەبلىك بۇزۇلغاچقا ، جەسەتلەر قالايمىقانلىشىپ باش سۆڭەكلەر بەدەندىن ئاجراپ ئورنىدىن يۆتكىلىپ كەتكەن . بۇ ھالەتتە جەسەتلەرنىڭ قويۇلۇش تەرتىپىدىكى قانۇنىيەتنى پەرق ئېتىش قىيىن بولۇپ ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ .

سامپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كۆپلىگەن قەدىمكى جەسەتلەردىن باشقا مول پارچىغا يېقىن مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى تېپىلدى . ئۇلار ئاساسەن ، ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ۋە جەسەتنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، ھەممىسىدە يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ .

تېپىلغان يادىكارلىق بۇيۇملار ئىچىدە ، ياغاچتىن ياسالغان ھەر خىل بۇيۇملار ، ساپال بۇيۇملار ، يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەك ، ھەر خىل گۈللۈك پاختا توقۇلما كىيىم - كېچەك پارچىلىرى ، گىلەم ، كىگىز ، يۇڭ ، پالاس ، شايى ، كىمخاب (يىپەك توقۇلما) ، مەشۇت ، ئوقيا ، قىلىچ ، يا ئوقى باشقى ، قىلىچ غىلاپى (تېرە - كۆندە ئىشلەنگەن) ، مىس ئەينەك (كۆزگۈ) ، تارغاق ، سۈزگۈچ ، مارجان ، ئىپار ، ئۇيۇپا ، ئۇرچۇق ، يىك ، تۆمۈر ئورغاق ، ياغاچ گۈرجەك ، پەي يەلپۈ-



گۈچ ، ھاسا قاتارلىقلار بار . ياغاچ بۇيۇملار ئىچىدە ، ئاياغ ، چۆمۈچ ، كاساڭ ، جام قاتارلىقلار كۆپرەك بولۇپ ، بۇلار توغراق ياكى تېرەك ياغىچىدا قىرغىز ئەسۋاب بىلەن ياسالغان . ياغاچتىن ياسالغان كىر يۇيۇش تەگنىسىمۇ بار .

ساپال بۇيۇملاردىن قارا رەڭلىك كوزا - كومزەكلەر بىر قەدەر كۆپ . مېيىت بۇيۇملىرى ئىچىدە ، يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەك (پارچە) لەر كۆپ بولۇپ ، توقۇلۇشى سىپتا ، رەڭدار كۆركەم ، ھازىرقى كۈندىكى رەختلەردىن ئانچە پەرقلەنمەي كەتمەيدۇ . قەبرىلەردىن تېپىلغان بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان كۆڭلەكلەر ئىچىدە ، ئوپما ياقىلىق كەڭ ئېتەكلىك ئۇزۇن كۆڭلەك ، بەل پۈرمە گارمۇن ئېتەكلىك ئۇزۇن كۆڭلەك ، مەيدە پۈرمە كۆڭلەكلەر بار . ئىشتانلار ئىچىدە ، ئېغى كەڭ تۈز پۇچاقلىق ئىشتان ، ئېغى كەڭ بوغما پۇچاقلىق ئىشتان ، رەڭدار يۇڭ ئىشتانلار بار . ئىشتانلارنىڭ بەزىلىرى ئالاھىدە ئىشلەنگەن بولۇپ ، ئۇنىڭغا تەسۋىرىي سۈرەت كەشتىلەپ توقۇلغان . مەسىلەن ، M01 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان بوغما پۇچاقلىق ئىشتاننىڭ ئوڭ پۇچىقىغا ئات بەدەنلىك ، ئادەم باشلىق بىر ئوبراز ، سول پۇچىقىغا بىر ئادەمنىڭ باش قىسمى توقۇلغان ② .

سامپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن يەنە كىگىزدىن تەييارلانغان كىيىم - كېچەكلەر ، يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن ئۇچلۇق قالپاق (باش كىيىم) ، پوسما ، ئۆرۈمە چاچ قاتارلىقلار تېپىلغان بولۇپ ، بەزى ئۆرۈم چاچلار جەسەت بېشىدىن ئاجراپ كەتمەي تەبىئىي ساقلىنىپ تۇرغان . ئۆرۈم چاچلار ئىچىدە ئۇلاتقان چاچلارمۇ بار . چاچلار ئىككى تال ، ئۈچ تال ، ئالتە تال ، بەزىلىرى سەككىز تال قىلىپ ئۆرۈلگەن . قىسمەن جەسەتلەردە چېچى بېشىغا تۈرۈۋېلىنغان . قەبرىلەردىكى جەسەتلەر يېنىدا ، ياغلان ، توغلاق كاۋاپلىرى سېلىنغان ئاياق - كاساڭلار ، يۇڭ-

داي ، تېرىق يارمىسى سېلىنغان تېرە خالتىلار قويۇلغان . جەسەت يېنىدىكى بۇيۇملاردىن يەنە يالپۇز ، تەسۋى قوناق ، خالتىغا قاچىلانغان چاكاندا ، ياڭاق ، شاپتۇل ، ئۆرۈك ، ئەينۇلا قاتارلىق مېۋە ئۇرۇقلىرىمۇ بار .

ئالاھىدە ئەھۋال شۇكى ، سانپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن 1984 - يىلىدىكى قېزىشتا يەنە مېيىتلارغا ھەمراھ قىلىپ بىرگە كۆمۈلگەن 12 دانە ئاق بوز ئاتنىڭ جەسىتى تېپىلغان بولۇپ ، ئاتلارنىمۇ ئادەملەرنى دەپنە قىلغانغا ئوخشاش لەھەت ئىچىگە قويۇپ ئۈستىدىن شاخ - شۇمبا تاشلاپ كۆمگەن . ئاتلارنىڭ ساقلىنىشى خېلى ياخشى بولۇپ ، بىر ئات ئېگەر توقۇم بىلەن توقۇلغان . ئات جابدۇقلىرى ئىچىدە ، تېرە بىلەن قاپلانغان قوش باشلىق ئېگەر ۋە ئۈچ قەۋەت ئاق كىگىزدىن تۆت چاسا قىلىپ تىكىلگەن توقۇم بار . ئېگەر ئۈستىگە 76.5 × 73 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى رەڭدار ئېگەر گىلىمى سېلىنغان . گىلەمنىڭ تۆت بۇرجىكىدە چۇچىسى بار . جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن بېشىغا پەي قىستۇرۇلۇپ يۈزىگە نىقاب تاقاپ ئېگەر جابدۇقلار بىلەن ئېسىل بېزەلگەن ئاتلار ، ئالتاي رايونى ئەتراپىدىكى پازىرىت قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىنمۇ تېپىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 500 - 300 - يىللار دەپ بېكىتىلگەن ⑧ .

دېمەك ، سانپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى ، ئەينى زامانلاردا بۇ ماكاندا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئىرقى ، مەدەنىيىتى ،تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۆلچەپ تۇرىدۇ . سانپۇلا قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بىر قىسىم ياغاچ كۆمۈرى ، قومۇش ، ياغاچ قاتارلىقلارنى دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىدارىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قوغداش پەن - تېخنىكا ئورنىنىڭ ئەۋرىشكىلەرنىڭ يىل - دەۋرىنى ئۆلچەپ بېكىتىشىگە ئاساسلانغاندا ، دەۋرى مىلادىيە-



دىن ئىلگىرىكى II ئەسىرلەردىن مىلادىيە II ئەسىرلەرگىچە دەپ بېكىتىلگەن④ .

مەلۇمكى ، سانپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يادىكارلىق بۇيۇملار قەدىمىي ئۇدۇن (خوتەن) دۆلىتىدىكى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى ، تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە .

دۆلىتىمىزدىكى ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى يازما تارىخىي خاتىرىلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ، بۈگۈنكى خوتەنلىكلەرنىڭ يىراق ئەجدادلىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ساكلارغا باغلىنىدۇ . ئەنگلىيىلىك پروفېسسور بەيلى : «مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردىن بۇرۇن بىر بۆلەك ساك قەبىلىسى ئۇدۇنغا كېلىپ ماكانلاشقان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمران سىنىپىنى شەكىللەندۈرگەن . قۇستانە (خوتەن) ساكلىرى خوتەن رايونىدا قۇرغان خانلىق دۆلەتتىن ئىبارەت» دېگەن ⑤ . سامپۇلا قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن يۇڭ رەختتىن ، كىگىزدىن تىكىلگەن ئۇچلۇق قالپاقلار ۋە چاكاندا ، يالپۇز ، تەسۋى قوناق قاتارلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى تېپىلغاندىن باشقا ، 1995 - يىلىدىكى قۇتقۇزۇپ قېزىپ يىغىۋالغان بۇيۇملار ئىچىدە ، دەل بۈگۈنكى خوتەن ئەتلىسىدەك (ئەينى چاغدىكى خوتەن ئەتلىسى) رەڭدار ئەتلەس كىيىم پارچىسىنىڭ تېپىلىشى ، ئالاقىدار ئىلىم - پەن ئەھلىلىرىنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىدى .

دېمەك ، ئۇچلۇق قالپاقلارنىڭ تېپىلىشى ، «ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن ساكلارنى» ، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تېپىلىشى «ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان دورا ئۆسۈملۈكنى يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان ساكلارنى» ئەسلەتسە ⑥ ، رەڭدار ئەتلەس كىيىم پارچىسىنىڭ تېپىلىشى ، خوتەننىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە ئەتلەسنىڭ ئانا ماكانى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ .

سامپۇلا قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يا-

دىكارلىق بۇيۇملىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۇ يادىكارلىقلار ئەينى زاماندا بۇ جايدا ياشىغان ساكلار، تۇغلۇق (دىڭلىڭ ـ تۇرا)لار، تۈركلەرگە مەنسۇپ دەپ قارالماقتا. سانپۇلادىكى خەلقلەر مەيلى ساك بولسۇن ياكى تۇغلۇق (دىڭلىڭ ـ تۇرا)لار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىي قوۋمگە مەنسۇپ بولغان بۈگۈنكى خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ يىراق ئەجدادلىرىدۇر.

### ئىزاھلار

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1985 ـ يىل 1 ـ سان، 135 ـ بەت.

② يۇقىرىقى ماتېرىيال 138 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى ماتېرىيال 143 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى ماتېرىيال 141 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى ماتېرىيال 144 ـ بەت.

⑥ يۇقىرىقى ماتېرىيال 143 ـ بەت.



## قەدىمكى نىيە خارابىسى

مەملىكەت دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قەدىمكى نىيە خارابىسى — نىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ 130 كىلومېتىر ئىچكىرىسىدە بولۇپ، پۈتۈن خارابىنىڭ دائىرىسىنى ھىلال ئاي شەكىللىك قۇم بارخانلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. ھەممىلا يەردە قۇرۇپ كەتكەن توغراق ۋە يۇلغۇنلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

قەدىمكى نىيە خارابىسى — جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 7 كىلومېتىر دائىرىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى بولۇپ، خارابىنىڭ مەركىزىي رايونىدا بۇددا مۇنارى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە 100 گە يېقىن جايدا قەدىمكى قۇرۇلۇش ئىزلىرى، قالدۇق ئۆيلەر ۋە قەبرىستانلىق بار. ئۆي ۋە ئىبادەتخانىلار دۆڭلۈك ئۈستىگە سېلىنغان. ئۆينىڭ تۈۋرۈك ۋە توغرا باغاچلىرى ئۆز ئارا تۇرۇملانغان. ئۆي تاملىرى يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن چىتەنلىنىپ لاي بىلەن سۇۋالغان. باغۋارانلار، كۆلچەك ئىزلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۆي ۋە ھويلا ـ ئارامىلاردا ئوچاق ـ مورا قالدۇقلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ جايدا شامال ـ بورانىنىڭ قۇم بارخانلىرىنى ئۇچۇرتۇپ يۆتكەپ تۇرۇشى سەۋەبلىك خارابىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئېچىلىپ قالغان تۆمۈر قوراللار، ساپال پارچىلىرى، تاش قوراللار، تۈرلۈك زىننەت بۇيۇملىرى، ھەر خىل تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرى قالدۇقلار ئۇچراپ تۇرىدۇ.

دۆلىتىمىزدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە

قەدىمكى نىيە خارابىسى، خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلدىن مىلادىيە 220 ـ يىلغىچە)دە نىيە دۆلىتى (خەنزۇچە جىڭ جۆگو)نىڭ زېمىنى بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پىشامشان دۆلىتىگە تەۋە بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي ماتېرىياللاردا «نىران» دەپ ئاتالغان. ئىلگىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە قەدىمىي نىيە خارابىسىدىن ئۇچرىتىلغان ۋە مەخسۇس قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملار ئاساسەن: قارۇشتى يېزىقىدىكى، براخمان يېزىقىدىكى كۆپلىگەن تارىشا پۈتۈكلەر قىسمەن بىر يۈزى قارۇشتىچە، بىر يۈزى خەنزۇچە تارىشا پۈتۈك، خەن دەۋرىگە تەئەللۇق «ۋۇجۇ» مىس پۇل، قول ھۈنەر توقۇمىچىلىق دۇكان سايمانلىرى، زىلچا ـ گىلەم پارچىسى، ياغاچتىن ياسالغان زىلچا گىلەم توقۇش پەنجىسى، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، يۇڭ، يىپەك، پاختا، توقۇلمىلاردىن ئىشلەنگەن كىيىم ـ كېچەك پارچىلىرى، سەيىنەخ (يىپەك پاختا)، قەدىمكى پىلە غوزىكى، مېۋىلىك دەرەخ ئوكچە (ئۇرۇغ) سى، بۇغداي، تېرىق، ياغاچتىن ياسالغان كاساڭ، ئاياق (قاچا)، جام، قوشۇق، ئەمبەن (تاختا)، چۆمۈچ، تەڭلە (كىر يۇيىدىغان) پارچىسى، تارغاق، سۈزگۈچ، مىس كۆزگۈ (ئەينەك)، ياغاچتىن ياسالغان سۇركەپ ئوت ھاسىل قىلىش ئەسۋابى، ئوقيانىڭ يا ئوقى باشقى قاتارلىقلار. بۇلار ئىچىدە تارىشا پۈتۈكلەر بىلەن قەدىمكى پىلە غوزىكى ۋە رەڭدار زىلچا ـ گىلەم پارچىسى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرماقتا.

ئۇچرىتىلغان تارىشا پۈتۈكلەر ئاساسەن يارلىق، ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، خۇسۇسلارنىڭ پۈتۈم ـ ئەھدىنامە خەت ـ چەكلىرى، ئىبادەتخانا خەت ـ چەكلىرى ۋە بىر قىسىم شېئىر ـ قولىيازمىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار قىممەتلىك قەدىمىي يازمىلار ھېسابلىنىپ تەتقىق قىلىنماقتا.



1959 ـ يىلى بۇ خارابىدىن قېزىۋېلىنغان شەرقىي خەن دەۋرى (مىلادىيە 25 ـ يىلدىن 220 ـ يىلغىچە)گە توغرا كېلىدىغان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن بىللە دەپنە قىلىنغان ئىككى دانە قۇرۇق جەسەت ۋە بىر تۈركۈم ئاخىرەتلىك بۇيۇملار، يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، بۇلار ئىچىدە كۆك تەگلىك ھەمزەك پاختا رەخت (پارچە) ۋە پاختا رەختتىن تىكىلگەن ئىشتان قاتارلىقلارنىڭ دەۋرى، ئېلىمىزدە مۇشۇ خىل بۇيۇملار ئىچىدە بىرقەدەر قەدىمىي ئىكەن. ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدىكى خەنزۇچە يېزىق بىلەن «ھەممە ئىشىڭىز كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولغاي»، «ئۆمرىڭىز ئۇزىراپ ئەۋلادلىرىڭىز ئاۋۇغاي» دېگەن خەتلەر كەشتىلەپ چۈشۈرۈلگەن كىمخاب كىيىم ۋە ئادەم، ھايۋان، ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ سۈرەتلىرى نەقىشلەنگەن يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولۇپ، ئەينى زاماندا بۇ جايدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك نەپىس سەنئەت سەۋىيىسىنى، جۈملىدىن بۇ جايدىكى ئاھالىلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ شۇ زامانلاردىلا سودا ـ ئالاقىدە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قەدىمكى نىيە دۆلىتى توغرىسىدا ئېلىمىزنىڭ يازما تارىخىي خاتىرىلىرىدە قالدۇرۇلغان بىر قىسىم بايانلار ۋە بۇ خارابىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن ئۇچرىتىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى تەتقىقاتى، جۈملىدىن خارابىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئاساسەن، نىيە خارابىسىنىڭ دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى II، IV ئەسىرلەردىن مىلادىيە III، IV ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارالماقتا.

1995 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا، جۇڭگو ـ ياپونىيە بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئۆمىكى يەتتىنچى قېتىم قەدىمىي نىيە خارابىسىگە كىرىپ ئونئۈچرسال تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، بۇ

قېتىمقى تەكشۈرۈشتە، شامال - بوراندا ئېچىلىپ قالغان بىر قەبرىنى مەركەز قىلىپ جەمئىي سەككىز قەدىمىي قەبرە قېزىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتە قەبرە ياغاچ تاۋۇتلۇق بولۇپ، تاۋۇت پۇختا ئېتىلگەن. تاۋۇت ئىچىدىكى جەسەت ۋە كىيىم - كېچەك قاتارلىق ھەممە دەپتە بۇيۇملار ناھايىتى ياخشى ساقلانغان ئەھۋالدا، بۇلارنى ئالاھىدە تەتقىق قىلىش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئالتە دانە تاۋۇت شۇ پېتى ئوراپ تېڭىپ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېتىلدى. دەسلەپكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە زور بايقاشلارغا ئېرىشىلگەن. تاۋۇت ئىچىدىكى ھەممە دەپتە بۇيۇملار ئىچىدە كىيىم - كېچەك ۋە تەۋەررۈك بۇيۇملارغا چۈشۈرۈلگەن بېزەك قاتارلىق پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى بار بولۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل خادىملىرىنى ھەيران قالدۇرغان. بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي مەلۇماتلارنىڭ پات ئارىدا ئېلان قىلىنىشىغا تەقەززامىز.



# مازار تاغ قەدىمكى قەلئەسى

مازار تاغ — خوتەن بوستانلىقىنىڭ شىمالىي تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدە، خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا شەرقتىن غەربكە يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100 كىلومېتىر، كەڭلىكى 2 — 8 كىلومېتىر، ئېگىزلىكى 400 مېتىر ئەتراپىدا. خوتەن شەھىرىدىن 180 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان.

مازار تاغنىڭ خوتەن دەرياسىغا يېقىن بولغان شەرقىي بېشىدىن قارىغاندا، شىمال تەرىپى ئاقۇچ سېغىز تاشلىق، جەنۇب تەرىپى قوڭۇر رەڭلىك ياسقاق قاتلامدىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، قەدىمكى زامانلاردا «ئاق تاغ»، «قىزىل تاغ» دەپ ئاتالغان.

مازار تاغنىڭ شەرقىي بېشى خوتەن دەريا ساھىلىغا تۇتاش بولۇش ئەۋزەللىكى بىلەن قەدىمكى زامانلاردا بۇ جاي يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتەڭ لىنىيىلىرىدىن بىرى بولغان. بۈگۈنكى كۈندە مازار تاغنىڭ «قىزىل» تاغ تۇمشۇقىدا بىر قەدىمكى قەلئە بار. قەلئەنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا. قەلئەنىڭ جەنۇب تەرىپى تىك قىيا، شىمال تەرىپى تۆپىلىك بولۇپ، قەلئە تاغ چوققىسىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

مازار تاغ قەلئەسى، تاغ بېشىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىنى ئاساس قىلىپ ياسالغان بولۇپ، قەلئە تېمىنىڭ ئېگىزلىكى 3 مېتىر، قېلىنلىقى 2 — 3 مېتىر ئەتراپىدا. تامدا سىرتنى

كۆزنىتىش روجەكلىرى بار. قەلئەنىڭ ئوتتۇرىسىدا 50 كۋادرات مېتىر ئۆپچۆرىسىدە كېلىدىغان چاسا شەكىللىك بىر چوڭ ئۆي (تۆت تېمى) بار. ئۆينىڭ شەرق تېمىدا يولغا ئۇدۇل ئېچىلغان روجەكتىن سىرتنى كۆزەتكىلى بولىدۇ. قەلئەنىڭ شىمال تەرەپ تېمىدا كىرىش - چىقىش ئېغىزى بار. يازما تارىخىي خاتىرىلەر ۋە بۇ جايدىن ئىلگىرى - كېيىن ئۇچرىتىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنىڭ ئىسپاتلىشىدىن قارىغاندا، مىلادىيە VII، IX ئەسىرلەردە تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۇبۇتلار ئۇدۇننى (خوتەننى) تالىشىپ كۆپ قېتىم جەڭلەشكەن يىللاردا، مازار تاغ قەلئەسى خوتەن چېگرىسىنى مۇداپىئە قىلىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئۆتكەل بولغان. «قىزىل تاغ» تۇمشۇقى ئۈستىدە ھېلىھەم قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ قەدىمىي قەلئە بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

1908 - يىلى ئارخېئولوگ ستەيىن مازار تاغ قەدىمىي قەلئەسىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ، تۇبۇت يېزىقىدىكى تارشا ۋە قەغەز پۈتۈكلەرنى ئاساس قىلغان بىر بۆلەك مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى تېپىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن. 1929 - يىلى ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى بۇ جايغا كېلىپ تەكشۈرگەن ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق مىس پۇل، تارشا پۈتۈك قاتارلىقلارنى تاپقان.

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ تاغنىڭ «مازار تاغ» دەپ ئاتىلىشىغا كەلسەك، مازار تاغنىڭ «قىزىل تاغ» قىسمىدا ھەقىقەتەن رېشاتكا ئىچىگە ئېلىنغان بىر قەبرىگاھ بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ قەبرىگە «ماجانخان» ئىسىملىك بىرى دەپنە قىلىنغانىكەن. بۇ كىشى ئەسلىدە خوتەن بۇددىستلىرىدىن بولۇپ، ئەينى چاغدا ئىسلام غازاتچىلىرىغا «ئاخبارات» يوللاپ تۇرغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ نەتىجىدە ئۆز بۇددىستلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان. ئىسلام غازاتچىلىرى غەلىبە



قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسەت مۇردىسىنى ئالاھىدە ئۇلۇغلاپ «قىزىل تاغ» تۇمشۇقى ئۈستىگە دەپنە قىلىپ توغ - ئەلەم تىكلەپ مۇھاپىزەت ئاستىغا ئالغان. ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدىكى مۇنداق مۇھاپىزەت ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. شۇڭا، قۇملۇقتىكى بۇ تاغ كىشىلەر تەرىپىدىن «مازار تاغ» دەپ ئاتالغان ①. قۇملۇقتىكى بۇ تاغنىڭ «مازار تاغ» دەپ ئاتىلىشى، «ماجانخان» نامىدىكى قەبرىگاھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى ئەمەسلىكىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئەلۋەتتە.

### ئىزاھلار:

① «خوتەن گېزىتى» 1995 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى سانىنىڭ 3 - بېتىگە قارالسۇن.

# ئاق قوچقىراق قەدىمكى شەھىرى

(ئەندىر قەدىمكى شەھىرى)

ئاق قوچقىراق قەدىمكى شەھىرى — نىيە ناھىيىسى ئەندىرە چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ مەيدان بىناسىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدىن 30 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇقتا جايلاشقان. «ئاق قوچقىراق» ساپ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، كىچىك ئاق قوچقار دېگەن مەنىدە. يەرلىك خەلقنىڭ بۇ قەدىمىي شەھەر ئورنىنى «ئاق قوچقىراق» دەپ ئاتىشىنىڭ سەۋەبى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس.

ئاق قوچقىراق قەدىمكى شەھەر خارابىسى جايلاشقان بۇ جايدا قۇم بارخانلىرى پايانسىز سوزۇلۇپ ياتقان، يېقىن ئەتراپتا يۇلغۇن ۋە قۇرۇپ كەتكەن توغراقلار بار. قەدىمكى شەھەر سوقىچاق شەكىلدە بولۇپ، ئۇنىڭ دىئامېتىرى 200 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. شەھەر سېپىلى سېغىزلاي بىلەن دەرەخ شاخلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان بولۇپ، يۇقىرىسىنىڭ كەڭلىكى ئىككى مېتىر، تۆۋەن تەرىپىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ مېتىرچە. شەھەر سېپىلىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 600 مېتىردىن ئارتۇق، سېپىل تېمىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىن بىر چوڭ دەرۋازا ئېچىلغان. دەرۋازىنىڭ كەڭلىكى 3.4 مېتىر، ئېگىزلىكى 3 مېتىر كېلىدۇ. دەۋازىنىڭ ياغاچتىن ياسالغان ئىككى قانىتى بار، سول قانىتىنىڭ كەڭلىكى 1.5 مېتىر، ئوڭ قانىتىنىڭ كەڭلىكى 1.4 مېتىر، دەرۋازا قاناتلىرىنىڭ ھەربىرى ئالتىدىن قېلىن شالدا ياسالغان. دەرۋازىدىن شەھەرگە كىرىشتە، دەرۋازا كارىدورى بار، كارىدورىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.4 مېتىر كېلىدۇ،



دەرۋازا كارىدورىنىڭ ئىككى ياقىسىدا بەشتىن ياغاچ تۈۋرۈك بار، ئۈستىگە ياغاچ قويغان بولۇپ، ئەسلىدە كارىدورىنىڭ ئۈستى يېپىقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى بىپايان بارخان - بارخان قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا 650 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي - ئىمارەت قالدۇقى بار. ئۆيلەر ئومۇمەن يۇمىلاق (سەل سوقا) شەھەرگە ماس ھالدا، ئايلانما شەكىلدە ئورۇنلاشقان. ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى سەل قوپال، ياغاچلارنىڭ كۆپىنچىسى سەل - پەل يونۇپلا ئىشلىتىلگەن، رەندىلەنمىگەن بولۇپ، كۆپىنچە ياغاچ ئاچا بىلەن تىرەپ قويۇلغان بالا ۋە تۈۋرۈكلەر كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۆي تاملىرىنىڭ كوپچىلىكى لاي سوقما تام، ئاز ساندا چىتلاق ۋە چىتلاق بىلەن لاي ئارىلاشقان تاملارمۇ بار. ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى تۈز. ئىشىكلىرى پاكار ۋە كىچىك، دېرىزىسى يوق (تۈڭلۈكى بولسا كېرەك). ئۆي ئىشىكلىرى قانىتى كۆپىنچە پۈتۈن قېلىن شالدىن ياسالغان.

ئاق قوچقىراق قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك، ئالتۇن ھالقا، پاختا ۋە يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ پارچىسى، يىپ ئىگىرىدىغان يىك، ئورچۇق، ياغاچتىن ياسالغان ئورمۇش، ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرى، قاشتېشى پارچىسى، مىس ھالقا، دانلىق ئاشلىق قالدۇقى قاتارلىقلار ئۇچرىتىلغان.

ئەنگلىيە ئارخېئولوگى ستەيىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا بۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ خەرىتىگە ئېلىپ تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان.

بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدە مەخسۇس ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغان بولسىمۇ، بۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى ۋە ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالى، قىسمەن ئۇچرىتىلغان بۇيۇملارغا ئاساسەن دەسلەپكى قەدەمدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق دەپ قارالسىمۇ، «خەندىنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن غەربىي خەن

سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 206 - يىلدىن مىلادىيە 24 - يىلغىچە) لىرىدىكى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولغان «ئەندىر بەگلىكى» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى روشەنلەشتۈرۈش زۆرۈرىيىتى بار.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئاق قوچقىراق قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەكلى ئۆزگىچە بولۇپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قېلىشى ياخشى. شۇڭا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە تارماقلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى ئاساسىدا پات ئارىدا بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە تەپسىلاتى روشەنلەشكۈسى.



## سانجۇ قىيا تاش رەسىملىرى

سانجۇ قىيا تاش رەسىملىرى، گۇما ناھىيىسى سانجۇ بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 26 كىلومېتىر كېلىدىغان سانجۇ دەريا جىلغىسىغا جايلاشقان. قىيا تاش رەسىملىرى بار جاينىڭ نامى ئۇلاچى بولۇپ، بۇ جايدىكى ئىككى قىرغاقتا خەتەرلىك تىك قىيا چوخچىيىپ تۇرىدۇ. جىلغا ئىچى يايپېشىل ئوت - چۆپلۈك بولۇپ، مۆزدەك سۇ شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدۇ.

قىيا تاش رەسىملىرى دەريا جىلغىسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى قىيا تاشقا ئويۇلغان بولۇپ، تاش ناھايىتى قاتتىق، ئەمما يۈزى سىلىق ئىكەن. رەسىم ئويۇلغان قورام تاشنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە مېتىرچە، كەڭلىكى تۆت مېتىرچە كېلىدۇ. رەسىم ئويۇلغان قورام تاشنىڭ ئارقىسى ئويۇل تاغنىڭ تىك قىياسىغا تۆۋىنى دەريا جىلغىسىغا تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا چىغىر يول بار ئېرىق ئۇنى ئايلىنىپ ئاقىدۇ. قىيا تاشنىڭ رەسىم ئويۇلغان دائىرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.3 مېتىرچە، كەڭلىكى (ياكى ئېگىزلىكى) 1.3 مېتىرچە بولۇپ، رەسىملەرنىڭ چوڭراقلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 20 — 72 سانتىمېتىر، كىچىكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى بەش سانتىمېتىرلا كېلىدۇ. ئاساسلىق رەسىمنىڭ ئوڭ يۇقىرى تەرىپىدە، مەنىسى ئېنىق بولمىغان بىر يۈرۈش بەلگىلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىككى دانە بەلگە، ئۇيغۇر يېزىقى (ياكى ئەرەب يېزىقى) دىكى ن، غ ھەرپىگە سەل- پەل ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەن ئوڭ تەرىپىدە بىر ئادەم «بەش يۇلتۇز» بەلگىسىنى ئىككى قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ

تۇرغان بولۇپ ، بۇنى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئويۇپ قوي-
غان پاكى ئەمەسلىكىنى مۇندىن كېيىن تېخىمۇ ئەستايىدىل
ئىنچىكىلىك بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك . قىيا تاشتىكى
«بەش يولتۇز» بەلگىسىنى نىشان قىلغان سۈرەتنىڭ تۆۋەن تەرى-
پىدە ، بىر ئادەمنىڭ ئوقيا كىرىچىنى تارتىۋالغان ھالىتى بو-
لۇپ ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىككى توغرا سىزىق ، ئېھتىمال نىشانغا
توغرا تەڭكۆزلىمىگەن ھالەتنى ئىپادىلىسە ، ئوچىنچى ئوق تۆۋەن
تەرەپتىكى ئارقارغا دەل مۆلچەرلەنگەن مەركىز ئوقيا ئاتقۇچى
ئىككى پۇتىدا بىر نەرسىنى دەسسەپ تۇرغان ، سول قولىنى
ئېگىپ راسا كۈچەش دەرىجىسىگە يەتكەن بولۇپ ، بۇ ئوقنىڭ
نىشانغا تېگىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . قىيا تاشتىكى
پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ كۈچەپ ئوقيا ئېتىۋاتقان ھالەتتىكى
ئادەم سۈرىتىنىڭ ئاستىدا ، بىر ئىت قۇيرۇقىنى ئېگىز كۆتۈ-
رۈپ تۇرغان بولۇپ ، ئۇۋلىغان مالغا قاراپ ئېتىلىپ بارىدىغان-
دەك ھالەتتە تۇرىدۇ . ئارقارنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بىر ئادەم
ئىككى قولىنى كەڭ كېرىپ توسۇۋالغان ھالەتتە تۇرىدۇ . ئۇنىڭ
سەل كەينىدە بىر ئادەم ئوڭ قولىنى پەس ساڭگىلاتقان ، سول
قولىنى ئۈچ چىشلىق يالمان شەكلىدە سوزۇپ تۇرغان بولۇپ ،
ئۇ يول كۆرسىتىپ بېرىۋاتقاندەك قىلىدۇ .
قىيا تاشتىكى رەسىملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارقارنىڭ تۆ-
ۋەن تەرىپىدە ، كۆرۈنۈشى شۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدىغان ئىككى
تاغ تېكىسى بار . قىيا تاش رەسىمىنىڭ سول تەرىپىدە ، بىر
ئادەم ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىغاندەك
ياكى ئارقىسىدىكى تاغ تېكىسىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندەك
كۆرۈنۈشتە بولۇپ ، ئۇزۇندىن بۇيانقى شامال يامغۇرنىڭ يالىشى
ۋە كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ھەرىكىتى
پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ كەتكەن .
سانجۇ قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئاساسلىق رەسىملەردە ،



ھەرقايسى ئوبرازلار ئوتتۇرىسىدا ماسلىق مۇناسىۋىتى بار بو-
لۇپ ، تەسەۋۋۇر يولى ئارقىلىق بىراقلا پۈتكۈزۈلگەن . رەسىم-
لەرنىڭ مەزمۇنى ، ئوۋ ئوۋلاشنى ئاساسىي تېما قىلغان . ئۇنىڭ-
دىن بىراق قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقى
چىقىپ تۇرىدۇ . سانجۇ قىيا تاش رەسىملەرنىڭ ئويۇلغان ۋاقتى
- دەۋرى مەسىلىسىگە كەلسەك ، ھازىرغىچە تېخى كۆزقاراشلار
تازا بىردەك ئەمەس . ئەمما ، ھەممىگە ئېنىقراپ ئەمەلىيەت شۇ-
كى ، سانجۇ قىيا تاش رەسىملىرىنى مىلادىيەدىن نەچچە مىڭ
يىللار ئىلگىرى مۇشۇ ماكاندا ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز
ياراتقان .

# خوتەن كونا سېپىلى ۋە چوڭ جامائەسى

خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمىدا ھازىرمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان خوتەن كونا سېپىلى تۆت چاسا بولۇپ ، (80 سانتىمېتىرلىق قەدەم بىلەن ھەربىر تەرىپى 400 قەدەم) كۆلىمى 102400 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا . سېپىلنىڭ شىمال ، جەنۇب تاملىرى ئاساسىي جەھەتتىن ساق . غەربىي تام ئوتتۇرىدىن 60 نەچچە مېتىر جايىنى شەھەر قاتناش يولى ئىگىلىگەن . شەرقىي تامنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك جەنۇب تەرەپ قىسمى شەھەر قاتناش يولى ۋە يېڭى ئىمارەتلەرگە ئورۇن بوشاتقان . قالغان قىسمى مۇھاپىزەت دائىرىسىدە ساقلانماقتا . 1890 - يىلى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى باش ئەمەلدارى ليۇ جىنتاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھازىرقى خوتەن شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقان كونا سېپىل ياسالغان . سېپىل ئىچىگە شۇ چاغدىكى يامۇل ، ئەمەلدارلار ئۆيلىرى ، گازارما ، ئاشلىق ساقلىرى جايلاشقان . سېپىلنىڭ كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ ، تاملىرى ئېگىز (تەخمىنەن 9 مېتىر) ھەم ناھايىتى قېلىن (ئەڭ ئۈست يۈزىدە پىكاپ بىمالال ماڭالىغۇدەك كەڭلىكتە) بولغاچقا ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىرقەدەر مۇكەممەل ھالىتى 15 يىلدا پۈتكەن . سېپىلنىڭ ھەربىر تەرەپ تام ئوتتۇرىسىدا چوڭ دەرۋازىسى بولۇپ ، غەربىي تامدىكىسى يەكەن دەرۋازىسى ، شەرق تامدىكىسى كېرىيە دەرۋازىسى (تۆمۈر دەرۋازىمۇ دېيىلەتتى) ، شىمالىي تامدىكىسى قاراقاش دەرۋازىسى ، جەنۇبىي تامدىكىسى توسالالا دەرۋازىسى دەپ ئاتالغان . دەرۋازىلارنىڭ قېلىن تۆمۈر بىلەن قاپلانغانلىقىنى



50 - يىللاردا كۆرگىلى بولاتتى (شەرق تامدىكى دەرۋازا كۆزدە تۇتۇلىدۇ) . ئەينى چاغدا سېپىل غەربىي تامدىكى يەكەن دەرۋازىسىدىن باشلاپ سېپىل ئىچى قوشۇلۇپ گۈلباغقىچە بولغان ئارىلىقنى ئۇيغۇرلار «يېڭى شەھەر» ، خەنزۇلار «خەنچىڭ» (خەنزۇ شەھىرى) دەپ ئاتىغان . گۈلباغنىڭ ئاستىنى ئۇيغۇرلار «كونا شەھەر» ، خەنزۇلار «خۇيچىڭ» دەپ ئاتىغان . (ھېلىھەم خوتەن شەھەر گۈلباغنىڭ ئاستى كونا شەھەر دەپ ئاتىلىدۇ) . 1862 - يىلى ياقۇپبەگ ھاجى پادىشاھنى (ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى) نى ئاغدۇرۇپ خوتەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ، ياقۇپبەگنىڭ خوتەنگە قويغان ۋالىيسى نىياز ھېكىمبەگ خوتەن كونا شەھەردىكى چوڭ جامائەنى ياساتقان ، جۈملىدىن خوتەن شەھەر ئىچىدىكى ئالتۇن مازار ، خوجى كالان مازار ، ھەزرىتى سۇلتان مازار قاتارلىقلارنى قايتىدىن چوڭايتىپ ھەيۋەتلىك ياساپ چىققان . شەھەر ئىچىگە 4 چوڭ كۆل قازدۇرغان (كونا شەھەر قىزىق دەرۋازىدىكى چوڭ كۆل ھازىرمۇ بار) .

نىياز ھېكىمبەگ تەرىپىدىن ھەشەمەتلىك ياسىتىلغان ئالتۇن مازار — مىلادىيە XI ئەسىر بېشىدا قاراخانىيلار قوشۇنى خوتەن بۇددىست خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ خوتەننى ئىگىلەپ ئىسلام دىنىنى جارى قىلدۇرغاندىن كېيىنكى دەۋردە بەرپا قىلىنغان خان ۋە خان جەمەتلىرى قەبرىستانلىقى ئىدى . مەلۇماتلاردىن («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1994 - يىل 6 - سان ، 45 - بەت) قارىغاندا ، بۇنىڭ ئىچىدە 12 پادىشاھ ، 21 شاھزادە ، 7 نەپەر پادىشاھ ئاياللىرى ۋە خانىش - ئاغىچىلارنىڭ قەبرىلىرى بار ئىكەن . خوجى كالان مازار بىلەن ھەزرىتى سۇلتان مازار سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى ( XVI ئەسىرلەر )دە بەرپا قىلىنغان خان ۋە خان جەمەتلىرى ، خانلىقنىڭ دىنىي ئۆلىماسى ھېسابلانغان خوجاشادى قاتارلىق خوجاكالانلارنىڭ قەبرىستانلىقى ئىكەن . ئالتۇن مازار بىلەن خوجى كالان مازار 1966 - يىلى

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بۇزۇپ تاشلاندى . ئورنىدا ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ بىناسى ۋە ئائىلە ياتاق ئۆيلىرى بار . «ئالتۇن كوچا» دېگەن نام ھېلىمۇ مۇشۇ ئورۇنغا قوللىنىلماقتا .

«ھەزرىتى سۇلتان مازار» ناملىق چوڭ قەبرىستانلىق خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىدە ھېلىمۇ بار . ھازىرمۇ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇپ ئىشلىتىلمەكتە . بىراق ، ئىلگىرىكى قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى يوق بولسىمۇ ، تۇغ - ئەلەم قاداپ ئالاھىدە تاۋاپ قىلىنىۋاتقان كونا - قەدىمىي قەبرىگاھلار يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھاپىزىتىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە .



# كوئېنلۇن تاغلىرىدىكى تاشقا ئايلانغان قۇلۇلىلەرنىڭ سىرى

ھىمالايا ، كوئېنلۇن ، تيانشان ، ئالتۇن تاغلىرى ئوراپ تۇرغان تارىم ئويمانلىقى — شەرقتىن غەربكە 1400 كىلومېتىر ، شىمالدىن جەنۇبقا 400 كىلومېتىر بولۇپ ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق . 330 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان . تارىم ئويمانلىقى ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى بويىچە ئەڭ قۇرغاق رايون بولۇپ ، مۆل- يېغىن مىقدارى ناھايىتى ئاز . دەريا - ئېقىنلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ ، بۇ سۇلار ئاخىرى بېرىپ قۇمغا سىڭىپ تۈگەيدۇ .

نەچچە مىڭ ئەسىرلەر ئىلگىرى ئۇيقۇدا ياتقان تەكلىماكان قۇملۇقى 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن ئېتىبارەن ئۇيقۇدىن ئويغاندى . ئىلىم - پەن يۈكسەك تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە جۇڭخۇا ئەزىمەتلىرى نەچچە ئون يىل ئىزدىنىپ ، ھەتتا قۇربانلار بېرىپ تارىمنىڭ سىرىنى ئاچتى . تارىمدا تۇشمۇتۇشتىن مول نېفىت چىقتى ، زاپىسى كىشىنى قايىل قىلىدۇ . خەلقىمىز خۇشاللىق ئىچىدە تارىمنى مۇبارەكلىمەكتە ، پۈتۈن دۇنيا تارىمغا كۆز تىكمەكتە .

ئۇنداقتا ، نەچچە مىڭ پاتمان توپا - قۇم تېگىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان نېفىت ، تاغلار ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان كۆمۈر قاتارلىقلارنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەيى نەدە ؟ يەر شارى ۋە يەر قاتلاملىرى-

نىڭ ھەرىكىتى تەتقىقاتى ئالىملىرى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىدىكى، «تارىم ـ بۇنىڭدىن 500 مىليون يىللار ئىلگىرى (مۇز ئىراسىدا) پايانسىز بىر دېڭىز بولۇپ، ھىمالايا، تيانشان قاتارلىق ناھايىتى كۆپ چوڭ تاغلار ئۇ چاغدا چوڭقۇر دېڭىز ئوقۇرلىرى ئىدى. 500 مىليون يىلدىن بۇيان تارىم 4 قېتىم دېڭىزلار ئېتىز ـ بوستانلىقلارغا، ئېتىز ـ بوستانلىقلار دېڭىزلارغا ئايلىنىشتەك دەۋرنى بېشىدىن كەچۈردى. ئارقا ـ ئارقىدىن شىددەتلىك ۋولقان ئېتىلىش بىلەن جانلىقلارنىڭ ئۇرۇقى كەينى ـ كەينىدىن قۇرىدى. جانلىقلارنىڭ گەۋدىلىرى قەۋەت ـ قەۋەت بولۇپ تىنىپ، مۇقىم ئېنېرگىيە چۆكۈندىسى ھاسىل بولدى. يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇنىڭدىن ئالاھازەل 200 مىليون يىل ئاۋۋالقى دەۋرگە كەلگەندە، لەيلەپ يۈرگەن ئاسىيا ـ ياۋروپا قۇرۇقلۇقى ھىندىستانغا قاتتىق سوقۇلدى ۋە ئۇنى قىستى ـ دە، چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ جەنۇبىي قىسمى تېزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ، شەرق بىلەن غەربنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئالپىس ـ ھىمالايا تاغ سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. قەدىمكى تارىم دېڭىزى، ئاخىر بۇ ئويمانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدا سۈيى ئاچچىق لوپنۇر كۆلىنى ئۆتمۈشتىكى گۈللىنىشنى ئۈنسىز ئىزاھلاشقا قالدۇرۇپ قويۇپ كۆزدىن غايىب بولدى. 250 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتقا كەلگەندە، تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەسلىدىكى دېڭىز ئوقۇرلىرىنىڭ ھەممىسى، يەر شارىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان، ئىللىق نەم ئېقىم ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان كاتتا تاغقا ئايلىنىپ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇملۇق پەيدا بولدى»①. پەندە چىقىرىلغان بۇ ئىلمىي يەكۈن تارىمنىڭ ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن. بۇ يەكۈننى ئىسپاتلايدىغان ئەمەلىي پاكىتلار يېتەرلىك بولۇپ، خاس ئارخېئولوگىيىلىك ساھەسىدە ئۇچرايدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

خوتەن رايونىدىن ئالىدىغان بولساق، 1987 ـ يىلىدىن



ھازىرغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىكى خادىملار گۇما ناھىيە تەۋەسىدىكى سانجۇ تېغى، لوپ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاچچىغ تېغىدا تاشقا ئايلانغان كۆپلىگەن قەدىمكى قۇلۇلىلەرنى ئۇچرىتىپ، ئەۋرىشكە ئۈچۈن ھەر خىل چوڭلۇقتىكى تاش قۇلۇلىلەرنى ئېلىپ كەلدى، يەرلىك خەلقنىڭ ئەكېلىپ بەرگىنىمۇ بار. ھازىر ئورنىمىز ئىسكىلاتىدا ساقلانماقتا. سانجۇ ئەرىغىل تاغلىق كەنتىدىن ئېلىپ كېلىنگەن تاشقا ئايلانغان قۇلۇلىلەر بىرقەدەر چوڭ ـ چوڭ بولۇپ، تاش بىرىكمىسىدىن پۈتۈن ساق ھالەتتە ئاجرالغانلىرىدىن بىر دانىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر، توغرىسى 8.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 4 سانتىمېتىر بولۇپ، ھەممە تەرىپىدىن ھازىرقى قۇلۇلىدىن مۇتلەق پەرقسىز (رەسىمگە قاراڭ) كىچىك بالىلارمۇ پەرق ئېتەلەيدۇ.

ئاچچىغ تاغدىن ئېلىپ كېلىنگەن چوڭراق بىر پارچە قارا كۆكۈچ ئۇيۇل تاشتا 10 غا يېقىن تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن كىچىك قۇلۇلىلەر بولۇپ، بىر قاراپلا قۇلۇلىلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ كىچىك قۇلۇلىلەر يۈزدەيۈز تاشقا ئايلىنىپ بىر پۈتۈن ئۇيۇل تاش بولۇپ كەتكەن، تاشتىن ـ تاشقا ئايلانغان قۇلۇلىنى ئاجرىتىپ ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئىككى جايدا ئۇچرىتىلغان تاشقا ئايلانغان قۇلۇلىلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇشىدىن قارىغاندا، گۇما ناھىيە سانجۇ تاغ تىزمىلىرى قەدىمكى زاماندا چوڭقۇرراق دېڭىز ئوقۇرلىرى بولسا كېرەك.

ھەممىگە ئايانكى، قۇلۇلە، سۇدا ياشايدىغان، يەنە كېلىپ دېڭىزدا ياشايدىغان سۇ ھايۋىنى. بۇ ئەمەلىيەت دېمەك، ئىنسانلار ھازىر ياشاۋاتقان يەر شارىدا مىليون يىللار مابەينىدە نەچچە قېتىم چۆكۈش، بەزى جايلىرى كۆتۈرۈلۈش نەتىجىسىدە، دېڭىزلار قۇرۇقلۇققا، قۇرۇقلۇقنىڭ دېڭىزلارغا ئايلانغانلىقىنىڭ راستلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىراق، بىز يۇقىرىدا تونۇشتۇرغان

تاشقا ئايلانغان قۇلۇلىلەر، قەدىمىي يەر شارى ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ئەڭ كىچىك مىسالى ئەلۋەتتە. تارىخىي رىۋايەتلەر تەرىقىسىدە، (ئىنجىلدا) سۆزلىنىدىغان «نوھ پەيغەمبەر زامانىسىدا زېمىننى سۇ بېسىپ كەتكەن، نوھ پەيغەمبەر قاتارلىقلار كېمە ئۈستىدە ھايات قالغان . . .» قاتارلىق بايانلارمۇ، ئاشۇ خىلدىكى يەر شارى ئۆزگىرىشلىرىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمىي ئىشلار خاتىرىسى بولسا كېرەك.

چۈشىنىشلىكى بولىدۇكى، نېفىتنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ، يىراق قەدىمدە بولۇپ ئۆتكەن يەر شارى ئۆزگىرىش ھەرىكەتلىرىدە، ئەسلى دېڭىز - ئوكيانلاردا پاشاۋاتقان مۆلچەرلىگۈسىز كۆپ سۇ ھايۋانلىرىنىڭ غايەت زور توپا قاتلىمىدا بىراقلا بېسىلىپ قېلىپ (دېڭىزلار قۇرۇقلۇققا ئايلىنىپ كەتكەندە) ئېنېرگىيە چۆكۈندىسى ھاسىل قىلغانلىقىدىن پەيدا بولغان. تاش كۆمۈرنىڭ پەيدا بولۇشى مەنبەيىمۇ، دەل يۇقىرىقىدەك يەر شارى قاتلاملىرىنىڭ ئۆزگىرىش ھەرىكىتىدە، قۇرۇقلۇقتىكى چەكسىز ئورمانلىرىنىڭ بىراقلا توپا - تاش ئاستىدا بېسىلىپ قېلىپ، مىليون يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۈگۈنكى كۈندە كۆمۈرگە ئايلانغانلىقى ئەلۋەتتە چۈشىنىشلىك.

### ئىزاھلار

① «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى 1993 - يىل 5 - سان، 35 - ، 36 - بەتلەرگە قارالسۇن.



مەسئۇل مۇھەررىر: ھەنىپە ئابدۇللا
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مەسئۇل كوررېكتور: ئۆمەرجان مۇھەممەت

## خوتەندىكى قەدىمكى ئىزلار

ئۈزگۈچى: نىزامىدىن توختى

*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى خۇاچىڭ يېڭى - تېخنىكا باسما كەسپى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى 1168 × 850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.375
2002 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرىژى: 3000 — 1
ISBN7—228—06835—1/K・973
باھاسى: 6.00 يۈەن